

# XYOUTH

新疆青年

بالىلىق ھەققىدە
ئەبجەش خىياللار

ئەقىدە، ئىرادە، تۆھپە
مىھنەت ۋە مۇھەببەت

ئانا مۇھەببىتى ھەققىدە
ئىككى ئېغىز سۆز

خوشلۇشۇشمۇ ياكى ھازىمۇ

6
1998

# شىنجاڭ ياشلىرى

ISSN 1002-9109

# شەۋكەت شۇجى چاۋشيەندە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شەۋكەت ئىمىن ئۆمەك باشلىقىدىكى جوڭگو ياشلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتى تەشكىللىگەن، ئىتتىپاق كادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان بۇ 10 كىشىلىك ئۆمەك چاۋشيەنىنىڭ پىڭراڭ شەھىرىنى نۇقتا قىلىپ ياشلار تەشكىلاتلىرى، ياش - ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركەزلىرىدە ئېكىسكۇرسىيىدە بولدى.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەر ئۆمەك باشلىقى شەۋكەت ئىمىننىڭ چاۋشيەن زىيارىتىدىن تاللانغان كۆرۈنۈشلەر.











جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى

# 1998

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور: مامىلىك
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: لى چيۈەن




جەڭچى قىز
ۋاڭ ۋېيدۇڭ سۈرىتى

## مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| ئەقىدە، ئىرادە، تۆھپە | | سىدىق تۇردى | 1 |
| پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى | | گۈلچىمەن | 3 |
| ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدىغانلار ۋە داۋراڭ سېلىپ ئىشلەيدىغانلار | | ئەخەت ھاشىم | 5 |
| ئاتاڭ — ئاسمان، ئاتاڭ — يەر، ئەجىر قىلىپ، ھەققىن بەر | | ئابدۇكېرىم راخمان | 9 |
| قايسى خىل قىلمىشلار ئىستېمالچىلارنى ئالداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ | | غالىپجان ئىمىن | 13 |
| نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە | | سەمەت مەھەممەت | 15 |
| باللار تەربىيىسىدە ئەر-خوتۇن بىردەك بولۇش كېرەك | | مەتتۇرسۇن ھەسەن | 17 |
| ئانا مۇھەببىتى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز | | لېتىپ رازىق | 19 |
| خۇشلىنىشىمۇ ياكى ھازىمۇ | | گۈلبادام مەھەممەترېھىم | 21 |
| باللىق ھەققىدە ئەبجەش خىياللار | | دىلمۇرات مەخمۇت | 25 |
| «رابىيە - سەئىدىن» تراگېدىيىسى قايتا تەكرارلانمىسۇن | | گۈلنۇر ئابدۇللا | 27 |
| چۇمۇلىگە يەم بولغان سەر خىل قوشۇن | | ليۇجۇن | 33 |
| ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ بەدەن مەشقى ھەققىدە | | تەلئەت تۇردى، گۈزەل روزى | 41 |
| بەزى ئاتالغۇلار ھەققىدە قايتا ئويلىنىش | | مىجىت تۇرسۇن | 43 |
| مېھنەت ۋە مۇھەببەت | | ئابدۇرۇسۇل سەمەت | 53 |
| رېستوراندا | (ھېكايە) | ئالتۇنگۈل رەجەپ | 57 |
| ئۇيقۇچان ياشقا | (شېئىر) | ئابلىمىت سەمەت | 61 |


سىياسىي، نەزەرىيىۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم. ياردەمچىلىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم، ئەسقەر داۋۇت)

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

دوستلۇق زىننىتى — نومۇستىن، مەھبۇبلۇق نازاكىتىنىڭ راۋاج تېپىشى ئەدەپتىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

**— ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى**

كۆڭۈلدە تىل ئوقىنىڭ جاراھىتى ساقايمايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە داۋا بولالمايدۇ. تىل ئوقىدىن جاراھەتلەنگەن ھەر قانداق كۆڭۈلگە پەقەت يۇمشاق سۆز ۋە شېرىن تىللا راھەت بېغىشلىيالايدۇ.

**— ئەلىشىر نەۋايى**

تىلغا ئىختىيارسىز، ئەلگە ئېتىبارسىز... يامان سۆزلۈك كىشى ئەل كۆڭلىگە جاراھەت، ئۆز بېشىغا ئاپەت يەتكۈزىدۇ... ياخشى سۆزلۈك كىشى سۆزنى يېقىملىق ۋە گۈزەل قىلغانلىقتىن، كۆڭۈلگە يۈزلەپ غەم كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن يانىدۇ، سۆزدىن ھەر ياخشىلىق كېلىش ئىمكانىيىتى بار، بۇنىڭدىن بىلىندىكى، نەپەسنىڭ جېنى بار.

**— ئەلىشىر نەۋايى**

ھەرقانچە سۆزلىگۈڭ كېلىپ كەتسىمۇ، سىرلىرىڭنى يوشۇر، دىل خەزىنىسىگە تىلىڭنى پاسبان ئەيلە.

**— خىسلەت**

ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋەرمە، تىلىڭنى يىغ، ئېغىز بوشلۇقى ئاخىر بېشىڭغا چىقىدۇ.

**— ئەھمەد يۈكنەكى**

بەخت - سائادەت بەخش ئەتكۈچى پاك روھلار سۆزۈك سۇلىرىنىڭ مەنبەسىمۇ تىل، بەختسىزلىك نەس يۇلتۇزلىرىنىڭ چىقىش ئورنىمۇ تىل. تىلغا ئىقتىدارلىق دوختۇر ئەقىللىق، سۆزگە ئىختىيارسىز نادانلار چاققاقتۇر.

**— ئەلىشىر نەۋايى**

## دانالار ھېكمەتلىرىدىن

ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئېغىز بوشلۇقى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بېشىنى يېدى.

**— ئەھمەد يۈكنەكى**

كۆپ سۆزلەيدىغان كىشىلەردىن ھەزەر قىلغىن.

**— مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى**

تىل پاساھەتلىك ۋە جەلپ قىلارلىق بولسا ناھايىتى ياخشى. ئەگەر ئۇ كۆڭۈل بىلەن بىردەك بولسا، ئۇ ھالدا خۇددى سەۋسەن بىلەن قىزىل گۈل بوستانىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەر ھېسابلانغىنىدەك، تىل بىلەن كۆڭۈل ئىنساندىكى ئەڭ ياخشى ئەزا ھېسابلىنىدۇ.

**— ئەلىشىر نەۋايى**

بىلىملىك كىشىلەر تىلغا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ، ئەي تىل ئىگىسى، بېشىڭنى قوغدىغىن.

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

كۆپ سۆزلىمە، بىرەر - بىرەر سۆزلە، ئاز سۆزلە، تۈمەنمىڭ سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىرلا سۆز بىلەن يەشكىن.

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

كۆپ سۆزلىگەنلەردىن پۇشايمان قىلغانلار كۆپ، تىلنى ساقلىغانلاردىن پۇشايمان قىلغانلار قېنى؟

**— ئەھمەد يۈكنەكى**

كۆپ سۆزلىگەن كىشىنىڭ سۆزى يالغان بولىدۇ. (08)

**— موللا ئەلەم شەھيارى**



## ئەقىدە، ئىرادە، تۆھپە

★ سىدىق تۇردى ★

بىز ئۇزۇندىن بېرى سىدىق رەخمەتنىڭ تۆھپىلىرى ۋە شان - شەرەپلىرىنى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن كۆپ ئاڭلىغان. سىدىق رەخمەتنىڭ يېقىندا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» ناملىق كىتابى بىزنى ئۇنى زىيارەت قىلىشقا ئالدىراتتى.

سىدىق رەخمەت كىچىكىدىن تارتىپلا ئىنتايىن زېرەك بولۇپ، ئىلىم- مەدەنىيەت ئىگىلەشكە ھېرىسمەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئانا يۇرتى مارالبېشى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزدى. 1970 - يىلى ئۆز يۇرتىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ئارقىدا قالغانلىقتىن، ساقىيىش ئىمكانىيىتى بار بىر قىسىم كېسەللەرمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېۋىپ بولۇش ئىرادىسىغا كەلدى. ھەر قانداق ئارزۇ- ئارمان يۈكسەك جاسارەت، قەتئىي ئىرادىدىن ئايرىلسا قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. 1982- يىلى ئۇ قەشقەر تېبىبىي مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئۇيغۇر تېبابەت سىنىپىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا بىرىم يىل پراكتىكا قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئابرويلۇق، پېشقەدەم، مەشھۇر تېۋىپلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ داۋالاشتىكى مول بىلىملىرىنى ئىگىلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ 1982 - يىلى 8- ئايدا قەشقەر تېبىبىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا تەقسىم قىلىندى. شۇ مەزگىللەردە بۇ شىپاخانا يېڭى قۇرۇلغان بولۇپ، شارائىتى ناچار، خادىملار، دورا- ئۈسكۈنىلەر كەمچىل ئىدى. سىدىق رەخمەت دەسلەپتە دورا ياساش بۆلۈمىدە ئىشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ياساش، ئوراش- قاچىلاش مەشغۇلاتى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە ئىشلەنگەچكە، بىرمۇنچە قىيىنچىلىق مەۋجۇت ئىدى. سىدىق رەخمەت بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش، دورا ياساش مەشغۇلاتىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى كەمچىل بولۇش بوشلۇقىنى تولدۇرۇش يولىدا پائال ئىزدەندى. 1988 - يىلى 6 - ئايدا ۋراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، داۋالاش قىيىن بولغان بىر قانچە خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتىپ، دىئاگنوزنىڭ توغرىلىق نىسبىتىنى % 90 كە يەتكۈزۈپ، ئاما ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. بىر قىسىم

كېسەللىكلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى بولغان رېتسېپلارنى تۈزۈپ چىقتى. تومۇر تۇتۇش، چىرايىغا قاراش، كۆزنىگە، تىلىغا قاراش ۋە سوراش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا ئېسىلىۋالماي، هازىرقى زامان ئىلغار تەكشۈرۈش سايمانلىرىدىن پايدىلىنىپ، دىئاگنوز نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قەلبى ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىدە يورىغان بۇ ئىرىشچان ياش تىل ئۆتكىلىگە هۇجۇم قىلىپ، توختىماي مەشىق قىلىپ، پارس، ئۇردۇ تىلىنى ئىگىلىدى. 1995 - يىلى ناهىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا تېز قۇتقۇزۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىدىق رەخمەتنىڭ تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى داۋالاش تېخنىكىسى خېلى ئۆستى. شىپاخانا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1995 - يىلى ئامبۇلاتورىيە مۇدىرلىقىغا، 1996 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇقىغا ئۆستۈردى. ئۇ داۋالاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، هەر دائىم كەڭ دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ غېمىنى يېدى. 1997- يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەھىيەنى يېزىلارغا چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان چەت، تاغلىق يېزا ئۆششاقباشقا بېرىپ، بىرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ هەر خىل كېسەللىكلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى. «ئۇيغۇر تېبابىتىدە بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى» دېگەن ماقالىسى 1996 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ياش تېۋىپلار ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ باهالىشىدىن ئۆتۈپ، مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ مۇكاپاتلاندى. «ئاتاقلىق تېۋىپ سادىق مەخسۇم توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1997 - يىلى 8 - ئايدا كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابىتى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باهالاندى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، 10 يىلدىن ئارتۇق هەر تەرەپلىمە مېهنەت سىڭدۇرۇش ئارقىلىق، مۇختار مەخمۇت مۇهەممەدى بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان «مەشهۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» ناملىق كىتابى 1997- يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا تارقىتىلدى. بۇ كىتابقا 160 نەپەردىن ئارتۇق قەدىمكى ۋە هازىرقى زامانىدىكى مەشهۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك سېپىدىكى يەنە بىر بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

ئۇ يەنە 5 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يېزىپ چىققان «جىگەر كېسىلىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ئۇسۇلى» ناملىق يەنە بىر يېڭى كىتابىنى 1997- يىلى 7- ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىغا تاپشۇردى. شان- شەرەپ ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تۆهپە ياراتقۇچىلارغا مەنسۇپ. ئىرىشچان، ئىقتىدارلىق ياش تېۋىپ سىدىق رەخمەت ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، 1989- يىلدىن بۇيان هەر يىلى ئىلغار خىزمەتچى، ئۇنىڭ مەسئۇللۇقىدىكى بۆلۈم هەر يىلى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باهالىنىپ كەلدى. ئۇ ناهىيىلىك، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزالىقىغا، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر دورا تەتقىقاتى ياش تېۋىپلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.(05)

# پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتەيلى

[illegible]

(قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىدىن)

يېزا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتى پۈتكۈل ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مەملىكەت بويىچە 70% ياش يېزىدا. ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ يېرىمى يېزىدا. لېكىن نۆۋەتتىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يەنىلا ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى كەمچىل، قىسمەن جايلاردا تەرتىپكە سېلىش، پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش، يەنە تەرتىپكە سېلىش، يەنە پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتەك پاسسىپ ئايلانما ھالەتتىن قۇتۇلالماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇنىڭدىكى گەۋدىلىك مەسىلە ئاساسلىقى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، تەشكىل بار، ھاياتىي كۈچى كەمچىل. بەزىلىرى ئاجىز، تارقاق، پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. ئىككىنچىدىن، ياشلار بار يەردە تەشكىل كەمچىل. تەشكىلىي باشقۇرۇش كەمچىل بولغاچقا، جەمئىيەتتە بىكار ياشلار كۆپىيىپ كەتكەن. بەزى ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۆز سالاھىيىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىتتىپاق ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان. ئۈچىنچىدىن، بەزى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئاجىز بولۇپ، زاپاس قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرالمىغان، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئۆز جايىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلىمىگەن. ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېزىلاردىكى ئىلغار ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدا ئاز دېگەندە ئۈچ خىل ئورتاقلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئەمەلىي مۇلازىمەت قىلىش، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى يېتەكلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ياشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ياشلارغا باي بولۇش ماھارىتىنى ئىگىلىتىپ، بېيىش يولىنى تېپىشى ئۈچۈن كونكرېت ياردەم بېرىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ياشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا، ئەمەلىي كۈچ ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي كىرىمگە ئېرىشىپ، ئىتتىپاق خىزمىتىنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

**1. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش.** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاق خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، خىزمەتلەرنى مۇستەقىل ۋە ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم رولىنى تولۇق جارى

قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېتەرلىك شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

**2. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى پارتىينىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش.** ئىتتىپاق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاقنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ياشلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلاش، ياشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، پارتىينىڭ تەلىپى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلار ئارىسىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى چوقۇم پارتىينىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، خىزمەتلەرنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشى، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئۆزىنى بېغىشلاشقا يېتەكلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ رولى بولىدۇ.

**3. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ياشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش.** ياشلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش جەريانى ـ ياشلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش جەريانىدۇر. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ياشلارنى ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشى، ياشلارنى پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە يېتەكلىشى لازىم.

**4. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق قوشۇنىنى زورايتىش.** «مۇنەۋۋەرلەرنى كۆرسىتىش خىزمىتى»نى ياخشى ئىشلەپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. سانى كۆپ بولغان، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئىتتىپاق ئەزالىرى قوشۇنىنى قۇرۇش، ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم خىزمەت. ئىتتىپاق ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى بىردەم تۇتۇپ، بىردەم بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. چوقۇم داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، دائىملىق خىزمەتكە ئايلاندۇرۇش، دائىم تەكشۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**5. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن ئىتتىپاق پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش.** ئىتتىپاق قۇرۇلۇشى، ئىتتىپاق پائالىيىتى ـ ئىتتىپاق ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى خىل ئامىل. شەكلى خىلمۇ خىل بولغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ـ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ھاياتى كۈچىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپ، ياشلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، ياشلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**6. ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش.** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ـ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى، زەربىدارلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. (05)

# ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدىغانلار ۋە داۋراڭ سېلىپ ئىشلەيدىغانلار

★ ئەخەت ھاشىم ★

ئۆردەكنىڭ تۇخۇمى توخۇنىڭ تۇخۇمىدىن يوغان بولسىمۇ، ئۆردەكنىڭ تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۈن-تىنسىز يۈرۈيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەكسىچە توخۇنىڭ تۇخۇمى ئۆردەكنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇم تۇغقانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۈۋىسىدىن سەكرەپ چىقىپ، قاقاقلىغىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىر ھازا داۋراڭ سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن جىم بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئادەملەر ئىچىدىمۇ ھەر يوغان، قىيىن ئىشلارنى قىلىۋېتىپمۇ، كىشى ھەيران قالغۇدەك زور تۆھپىلەرنى يارىتىپ تۇرۇپمۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك جىمجىت يۈرۈيدىغانلارمۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەممە ئادەم ھەر كۈنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتتىكى، كىچىككىنە بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپ خۇددى شەھەر ئالغاندەك ھەممىلا يەردە داۋراڭ سېلىپ يۈرۈيدىغانلارمۇ بار.



دەرۋەقە، ئادەملەرنىڭ بىلىم - سەۋىيىسىنىڭ، ئىش ئۇسۇلىنىڭ، مىجەز - خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىمى بۇ ئادەملەرنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئەخلاق - پەزىلىتى، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە غەرىزىنىڭ قانداقلىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئالايلى، ئۈن-تىنسىز ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتە ناھايىتى كەمتەر، يۈزى تۆۋەن، ئەخلاقلىق، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشنى: «بۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم. خەلق، تەشكىل مۇشۇ ئىشنى قىلىدۇ دەپ ماڭا مائاش بېرىۋاتىدۇ. تاپشۇرۇلغان ئىشنى بەجانىدىل ئىشلىمىسەم خەلققە، تەشكىلگە يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلاردا يېگەن نانغا تۇشلۇق كۈچ چىقىراي، ياخشى ئىشلەپ خەلققە ئاز- تولا تۆھپە يارىتاي دېگەندىن باشقا غەيرىي تەلەپ، مۇددىئا بولمايدۇ. خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش بەدىلىگە مەلۇم پايدا-مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋېلىش ياكى تەقدىرلىنىش، مۇكاپاتلىنىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش دېگەندەك مەقسەتلەر تېخىمۇ يوق. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار مەيلى ئادەم بولسۇن- بولمىسۇن، باشلىقى كۆرسۇن- كۆرمىسۇن، ئىشنى ئاڭلىق ھالدا جىمجىت ئىشلەۋېرىدۇ. ئىشىنىڭ ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ ئاسىنىغا يۈگۈرەيدىغان قىلىقنى نومۇس بىلىدۇ. جاپالىق ئىشلاردا ئالدىدا، راھەت كۆرىدىغان، نەپ

ئالدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان ئىشلاردا ئارقىدا تۇرىدۇ. بىرەر مۇخبىر يازماقچى ياكى رەسىمگە تارتماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە: «تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق نەتىجەم يوق» دەپ زادىلا سۆزلىگىلى ئۇنىمايدۇ. قىسقىسى، بۇنداق ئادەملەر ئىشنى كۆپ، گەپنى ئاز قىلىدىغان، سورۇنلاردا ئاز كۆرۈلۈپ ئۇن - تىنسىز ئىشلەيدىغان، كۆزگە ئاسانلىقچە چېلىقمايدىغان بولغاچقا، بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپمۇ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

داۋراڭ سېلىپ ئىشلەيدىغانلار بۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردا مەلۇم غەرەز، مۇددىئا بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ باشلىقنىڭ كۆرمەي قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن قىلىۋاتقىنى ئادەتتىكى، كىچىككىنە بىر ئىش بولسىمۇ جىنىنىڭ بارىچە داۋراڭ سېلىپ، باشقىلارنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. باشلىق چاقىرمىسىمۇ يوقلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ، باشلىقنىڭ ئالدىغا كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقى ياكى ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە گەپ ئارىسىغا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئىشلەۋاتقانلىقىنى، باشلىقنىڭ ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ئۈستىلىق بىلەن قىستۇرۇۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇپ، كۆپ ۋاقتىنى ئەھمىيەتسىز، پارچە - پۇرات ئىشلار ۋە پەلەپەتىش خىياللارغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. قىسقىسى، «ماڭدۇ- ماڭدۇ قىردىن ئاشالمايدۇ» دېگەندەك، قىلغان ئىشىدىن كېپى تولا، تۇرغىنىدىن مېڭىشى تولا بولىدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز ئالدىراپلا يۈرگەچكە گويا كىشىلەرگە ھەممە ئىشنى مۇشۇ ئادەم قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى تۇراقسىز بولۇپ، بىردە قىزىپ، بىردە سوۋۇپ تۇرىدۇ. پات - پات ماختاپ تۇرسىڭىز قەدىمى تېخىمۇ ئىتتىكلەپ، قاناتسىز ئۇچىدۇ. ماختىمىسىڭىز دەرھال خېمىغا يېنىپ، بوشاپلا كېتىدۇ. يىغىن، سورۇنلاردا، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئىش تاپشۇرمىسىڭىزمۇ ئۆزلۈكىدىن باشقۇرغۇچىلارغا ياردەملىشىپ ئالدىغا ئۆتۈۋالىدۇ. تېلېۋىزورلارغا چىقىش، گېزىت - ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىنىش پۇرسىتىنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، خىزمەت ئىلغارلىرىنى سايلاش، ئېكسكۇرسىيە - ساياھەتلەرگە بېرىش قاتارلىق مەنپەئەتلىك ئىشلاردا كىشىلەرنىڭ كۆزى ھە دېگەندىلا شۇلارغا چۈشىدۇ - دە، ئۈن- تىنسىز ئىشلەيدىغانلار تەبىئىي ھالدا چەتكە قېقىلىپ قالىدۇ ...

ئىسلاھات كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىشلەك تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئىش تۈزۈمى، كادىر باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىش ھەققى تۈزۈمى قاتارلىقلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمىدە كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي تىرىشىپ ئىشلەيدىغان زور بىر تۈركۈم ئەزىمەتلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. لېكىن شۇ قاتاردا «تويدا توقاچ ئوغرىلاپتۇ» دېگەندەك، بەزى يامان غەرەزلىك، شەخسىيەتچى، پۇرسەتپەرەس ئادەملەرمۇ ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن يول تېپىشقا ئۇرۇنماقتا. بۇنداق ئادەملەر ئاشكارا ھەرىكەت قىلسا چېنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەرقايسى سەپلەردە «ئاكتىپ»، «قىزغىن» قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ نەپكە ئېرىشمەكچى ۋە ئاممىنى،

رەھبەرلىكنى ئالداپ ئەمەل، ھوقۇق، مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋېلىپ تېخىمۇ راھەت - پاراغەتتە ياشماقچى بولۇۋاتىدۇ. تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە بۇنداق ئادەملەردە ھەقىقىي قابىلىيەت، ئىقتىدار يوق. ئىدىيە - ئەخلاقىمۇ ناچار. شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق ساختىپەزلىك ۋاسىتىسىنى ئىشقا سالمىسا مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مۇنداق ئادەملەردىن ھوشيار بولۇشى كېرەك. بەزى ئورۇنلاردا مۇنداقمۇ رەھبەرلەر باركى، ئۇلار سۆزمەن، پائالىيەتچان، باشلىقنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپلا يۈرۈيدىغان ئادەملەرنى قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەپ خاتا تونۇپ قالىدۇ، شۇلارغىلا ئىشىنىدۇ، نېمە ئىش بولسا شۇلارغىلا تاپشۇرىدۇ، كۆپرەك شۇلارنىڭلا مەسلىھەتىنى ئالىدۇ. كادىر ئۆستۈرۈش، ئىلغارلارنى سايلاش، مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ كۆزى ئالدى بىلەن شۇلارنى كۆرىدۇ. لېكىن ھېلىقىدەك داۋراڭ سالماي ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدىغان، ھەقىقىي قابىلىيەتلىك، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. شۇڭا ھەرقايسى سەپلەردە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار چوڭ - كىچىك ھەممە ئىشلاردا سالماق بولغىنى، مەسىلىلەرنى، ئىنكاس، پىكىرلەرنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغىنى ياخشى. شۇنداقلا بىر نەچچە ئادەمگە تايىنىپلا ئىش قىلىدىغان، تار دائىرە ئىچىدىلا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان ناچار ئۇسۇل، خىزمەت ئىستىلىنى تۈگىتىش، دەبدەبىلىك ئىشلارغا، قۇرۇق داۋراڭلارغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان خىلۋەت بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا نەزەر سالمايدىغان، ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدىغانلارنى ئۇنتۇپ قالىدىغان خاھىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. (04)

## ئاتالغۇلارغا ئىزاھات

**1** - كەسىپ — تەبىئەت دۇنياسىدا بىۋاسىتە رول ئوينايدىغان، دەسلەپكى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسىپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىگە قارىتىلىدۇ.

2- كەسىپ — دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا يەنىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كەسىپنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سانائەت - قۇرۇلۇش كەسىپىگە قارىتىلىدۇ.

3- كەسىپ — ئاساسلىقى ئەمگەك شەكلى ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى تۇرمۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان تۈرلۈك كەسىپلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1-، 2- كەسىپلەردىن باشقا بارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يىرىك ئىگىلىك — ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى مەبلەغ ۋە ئادەم، ماددىي كۈچ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشقىلا تايىنىپ مەھسۇلات مىقدارى ياكى مەھسۇلات قىممىتىنى ئۆستۈرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈجۈپىلەنگەن ئىگىلىك — ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا، كارخانا، ئاساسلىقى تېخنىكا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتقا تايىنىپ زامانىۋى ئىلمىي ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ تەننەرخنى تۆۋەنلىتىپ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىمكانقەدەر ئاز سېلىنما سېلىپ بىر قەدەر يۇقىرى مەھسۇلاتقا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى تۈجۈپىلەنگەن ئىگىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. (04)

(تۇرسۇنگۈل . ت)

زىيە ناھىيىسىدە «دېڭىز شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرەيلى» دېگەن تېمىدا ئىتتىپاق لوگوسىنى تاللىش قارا دوسكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە يول ئېچىپ ئەسىر ھالقىيدىغان ياشلار، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئەسىر ھالقىيدىغان مەدەنىيەتلىك ياشلار قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ بېيىتىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مەزمۇنى مول، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى بۇ پائالىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ناھىيە بويىچە 15 ئىدارە ئورگاندىن جەمئىي 23 قارا دوسكا مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسى 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى، ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ناھىيىلىك 3- ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ نەق مەيداندا ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاندى. (04)

(نۇرگۈل روزى خەۋىرى)

تېكەس ناھىيىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار «3 نى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش» پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى.

تېكەس ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن دوختۇر، سەنئەتكار ۋە يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكا خادىمى قاتارلىق 50 كىشىلىك ياش پىدائىيلار ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ۋە داۋالاشنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. بۇ ئۆمەك چولاقتېرەك يېزىسى، قارا دالا يېزىسى قاتارلىق چەت، يىراق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار تەقدىم قىلغان 10 مىڭ پارچە كىتاب - ژۇرنالنى كەنتلەردىكى مەكتەپ ۋە ياشلار مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە تارقىتىپ بەردى. 5 مەيدان سەنئەت نومۇرى كۆرسەتتى. 200 دىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز داۋالىدى. يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن مەسلىھەت بەردى ھەمدە 2000 پارچە «كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يېتەكلەش» مەزمۇنلاردىكى تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. (04)

(تۇرسۇن روزى خەۋىرى)

يىللاردىن بۇيان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ئۆيۈشتۇرۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمان مەيدانى ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتى، پۈتۈن مەيداندىكى ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جۈملىدىن ياشلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، مەيداننىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، يېقىندا يەنە مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارغامچا تارتىشىش، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ۋە كاراOK قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىگە پۈتۈن مەيداندىكى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردىن كەلگەن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مۇسابىقە ئاخىرىدا كەسكىن رىقابەتلىشىش ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن 5 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 29 نەپەر ماھىر مۇكاپاتلاندى. (04)

(ئابلىمىت ئابدۇكېرىم خەۋىرى)

قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتى تەشكىللىگەن ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى ئۆتكەن يىلى مارالبېشى ناھىيىسىگە كېلىپ، يېزا-بازار، كەنت- مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، دېھقان، چارۋىچىلارغا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، پەن — تېخنىكىدىن مەسلىھەت بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. يېقىندا بۇ ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر ياش پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. (04)

(ئەنۋەر خىزمەت خەۋىرى)



# ئاناڭ - ئاسمان، ئاتاڭ - يەر،
# ئەجىر قىلىپ، ھەققىن بەر

★ ئابدۇكېرىم راخمان ★

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قاناللىرىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ھالال ئەجرىنى مەدھىيىلەيدىغان (ئانا - تۇمار، ئاتا - زۇلپىقار) تېمىسىدىكى ناخشا - مۇزىكا ۋە باشقا سەنئەت نومۇرلىرى كۆپىيىپ جەمئىيەتنىڭ كۆپچىلىك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. جۈملىدىن دىداكتىك مەزمۇنغا ئىگە بۇ ئۆلمەس تېما رادىئو ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ كۆرۈنەرلىك سەھىپىلىرىدە ئىزچىل تەشۋىق قىلىنماقتا.

ئاكا - سىڭىل زاھىر بۇرھان بىلەن مېھرىگۈل بۇرھان ئورۇندىغان «ئاتا ۋە ئانا» ناملىق لىرىكىلىق ھەم مۇڭلۇق ناخشىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «تەلەپ ۋە تەقدىم» پروگراممىسىدا ھەممىدىن كۆپ تەلەپ قىلىنىشقا زادى قانداق ئامىل سەۋەب بولغان؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەرزەنت ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا رازى بولغان بۇ ھاياتلىق شاھى ئاتا - ئانا مەدھىيىسى ئەۋلادلارغا مىراس قالغان مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ، «جەننەت ئانىڭنىڭ ئايىغى ئاستىدا»، «ئانا رازى - خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش مۇقەددەس ئۇدۇملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىن خۇلاسىلەنگەن.

شۇنداق، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - شەپقەت ئىنسانىيەتكە خاس بىردىنبىر ۋىجدانىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ «باقىي ئالەم» دىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسى، «جەننەت» كە نائىل بولۇشنىڭ يولى. ئىنسان ئانىسىز يارالمايدۇ، ئانا مېھرىدىن بەھرىلەنمەيدىغان ئىنسانمۇ بولمايدۇ. ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد مەڭگۈلۈك بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەت ۋە ئېتىقادنىڭ ئىپتىداسى

(باشلىنىش) ۋە ئىنتىھاسى (ئاخىرلىشىش) بولمايدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا تونۇپ يەتكەن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز «بوۋىلار روھىغا چوقۇنۇش» («ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تۈپ ئاساسى قىلغان. شۇندىن تارتىپ نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادلارنىڭ ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيالىق روھىغا سېغىنىش، ياد ئېتىش مەڭگۈلۈك ئەنئەنىۋى ئېتىقاد سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. «ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش»تىن ئىبارەت ئەنە شۇ ئىپتىدائىي چوقۇنۇشنىڭ غايىۋى مەزمۇنى ماھىيىتىدە ئاننى روھىي مۇئەككىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى - شەپقەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى كېرەكلىكىنى ئالغا سۈرگەن. بىز ۋىجدانىي بۇرچ بىلەن روھىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، ھەر قانداق ئاتا - ئانا پەرزەنت ئۈچۈن خۇددى شامدەك كۆيۈپ تۈگەشكە رازى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ۋاھالەنكى، بىز پەرزەنتلەر ئاتا ۋە ئانىمىز ئۈچۈن بارلىقىمىزنى ئاتىيالىدۇقمۇ، ئاتا - ئانىغا بولغان چىن ئېتىقاد، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن باللىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلالىدۇقمۇ؟ بۈگۈنكى رېئاللىقىمىز بۇ سوراققا ناھايىتى ئوبدان جاۋاب بېرىدۇ.

بىز بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئانىلارنى ئاچچىق تولغاق ئازابىدىن خالاس قىلدۇق -يۇ، ئانا سۈتىدە چوڭ بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكنى ئەنە شۇ ئانىمىزنىڭ زىممىسىگە يۈكلەپ قويدۇق.

قىرغىز خەلقىنىڭ دۇنياۋى يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۆچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا ماڭقۇرت توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئەسلىتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جورجانلار سارى ئۆزەك يايلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيىنىغان. ئۇلار ئاۋۋال يات ئەسىرلەرنىڭ چېچىنى قىرىپ چۈشۈرۈپ، يېڭى سويۇلغان تۆگىنىڭ بويۇن تېرىسىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەپلەپ كىيدۈرۈپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، ئادەم بارمايدىغان چۆل - جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلايدىكەن. تېرە كۈننىڭ ئىسسىقىدا قورۇلغانسېرى باشنى ئامبۇردا قىسقاندەك قورۇپ مېڭىنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك ئازابلايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسىرلەر خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ خوجايىنىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قۇلغا ئايلىنىدىكەن. مۇشۇنداق ماڭقۇرت قىلىۋېتىلگەن بىر يىگىتنىڭ ئانىسى مىڭبىر جاپادا ئوغلىنى ئىزدەپ تاپسا، ئوغلى ئۆز ئانىسىنى تونۇماپتۇ. ئەكسىچە، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۆگىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، ئۆز ئانىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. «ماڭقۇرت رىۋايىتى» بىزگە، ناۋادا ئانا - بالا ئارىسىدا ياتلىشىش بولسا ۋەتەن ۋە مىللەت گەۋدىسىنىڭ گۇمران بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. دەۋرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا «ماڭقۇرت تراگېدىيىسى» ھېچقانداق ماددىي ئاساسقا ئىگە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قايتا تەكرارلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن روھىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يۈز بېرىۋاتقان نۆۋەتتىكى ئۆزگىرىشلەر بۇ خىل تىراگېدىيە ئامىللىرىنىڭ بىخلىرىنى ئۇنداق ياكى بۇنداق شەكىل بىلەن تەۋەللۇت قىلىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. 30 - 40 يىل ھەتتا يېرىم ئەسىرلەپ ھەر كۈنلۈكى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقىنى تەييارلاپ ئۇلارنى خىزمەتكە ياكى مەكتەپكە ئۇزىتىش، ئۆزى ناشتىلىق قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي خىزمەت ئورنىغا يۈگۈرۈش، نەچچە سائەت قارا دوسكا ئالدىدا تىك تۇرۇپ، بور توزانلىرىغا مىلىنىپ كەتسىمۇ قىلچە زارلانماي ئەۋلاد ئىشقىدا كۆيۈشى، خىزمەتتىن چۈشۈپ

ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپلا، خىزمەت كىيىمنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي يەنە قازان بېشىغا ئۆتۈش، باللارنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، خىزمەت ئۈستىلىگە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئەتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تەييارلاش، باللىرىنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى سېلىش، يېرىم تۈنگىچە كىر- قاتلىرىنى يۇيۇش، دېھقان ئانىلار 365 كۈننى كەتمەن بىلەن ئۆتكۈزۈش... مانا بۇ ئانىلارنىڭ بىر كۈنلۈك ئىش تەرتىپى، مەڭگۈ تەكرارلىنىدىغان ھايات رىتىمى، مۇشۇنداق بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ئالدىراش ئۆتۈدىغان كۈنلەردىن بىر ئانىنىڭ ئۆمرىدە قانچىسى باردۇر - ھە!؟ يېرىم ئەسىر - ئازغىنە كەم 20 مىڭ كۈن. بۇ كۈنلەرنىڭ ئانىغا يۈكلىگەن يۈكى ھەددى- ھېسابسىز. لېكىن ئانا بۇ يۈكتىن قىلچە زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ، بەلكى ئالەمنىڭ پۈتۈن چاڭ - توزانلىرىنى، لەيلەپ يۈرگەن چەكسىز بۇلۇت توپلىرىنى ئۆز قوينىغا سىڭدۈرگەن كۆك ئاسماندەك، ھاياتلىقنىڭ جىمىكى جەۋرى - جاپالىرىنى خۇشاللىق بىلەن قەلبىگە پاتقۇزۇپ، باشقىلارغا ئىللىقلىق بەخش ئېتىدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن سانسىز قۇربانلارنى بېرىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن ماقال ھاياتنىڭ ئەنە شۇ ئاچچىق رىتىمىغا قىلىنغان تەئەددى. ئەسلىدە ھايات لوگىكىسى بويىچە ئېيتقاندا، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر ئانىسىغا» بولسا ناھايىتى ئورۇنلۇق بولاتتى. چۈنكى ئانىلارمۇ ئىنسان بولغاچقا چارچايدۇ، ئاستا - ئاستا كۈچ - مادارىدىن قالىدۇ. ھايات پەللىسىگە يەتكۈزگەن ئوتلۇق ھارۋىسىنىڭ چاقى ئۇپرايدۇ... سىيادانىدەك چاچلىرى ئاقىرىپ بەللىرى مۈكچىيىدۇ، كۆز نۇرى خىرەلىشىپ يۈزلىرىنى قورۇق باسىدۇ. ئەمدى ئۇ دەم ئېلىشى كېرەك. بىر ئۆمۈر تارتقان جەبىر - جاپاسىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشى كېرەك. لېكىن بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز فېئوداللىق ئائىلە قارىشىنىڭ ئەنئەنىۋى كىشەنلىرىنى تېخى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈپ تاشلىيالمىغاچقا، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى

قانداق ئۆتكۈزۈش لازىملىقىنى ئويلاپ باققىنى يوق. ئانىلىرىمىزنىڭ ساخاۋەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تولغان قەلبى ئۆزلىرىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى ئويلاشنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. بىز پەرزەنتلەرچۇ؟ ئەلۋەتتە ھەممىمىز ئاتا - ئانىمىزنى ئۇلۇغلاش، قەدىرلەشنى ۋىجدانىي بۇرۇچ دەپ قارايمىز. ئەمما ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيمىز.

كۈنىبېرى كۈچىيىۋاتقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ تۇتەك پەردىسى ئۆزئارا مېھىر - شەپقەتنى سۇسلاشتۇرماقتا.

- «ئاپاڭ پېنسىيىگە چىقتىمۇ؟ — ھە، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئەمدى بالا بېقىشتىن ئازاد بوپسەن، ئاداش» ...

- «ئاپا، ياشىنىپ قالدىڭ، ئەمدى دەم ئېلىشقا چىقىۋال، ئۆيدە زېرىكىپ قالىمەن دېسەڭ، نەۋرەڭنى يەسلىگە بەرمەي ساڭا ئەكېلىپ بېرىمەن، ئەمەك بولىدۇ...»

- «ئاپا، بالىمىز ئاغرىپ قالدى، بىز بالا بېقىشقا سىزدەك تەجرىبىلىك ئەمەسكەنمىز».

- «بۈگۈن كەچتە ئاغىنىمىز ××× رېستورانغا چاقىرغانىدى، بالىغا قارايدىغان ئادەم يوق، سىز قاراپ تۇرسىڭىز، ئەتە تويغا، ئۆگۈنلۈككە مەسلىھەت چېيىغا، ئىندىنلىقتا نەزىرگە... بارىمىز. بالىنى سىزنىڭ يېنىڭىزغا...»

بۇ بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىزغا قىلىۋاتقان «غەمخورلۇقىمىز»، «مېھىر - شەپقىتىمىز». بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە شۇنداق قىلىش ئاتا - ئانىمىزنىڭ تەبىئىي ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى، تەقدىر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن ئىش تەقسىماتىمىش. نەتىجىدە ئەمدى پېنسىيىگە چىققان كۆتۈرۈشلۈك ئاتا - ئانىلار يەنە قايتىدىن «بالا باققۇچى» سۈپىتىدە تېخىمۇ مۇشكۈل جاپاغا مۇپتىلا بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە بىز ئىشتىن چۈشۈپلا ياسىنىپ - تارىنىپ رېستورانغا يۈگۈرەيمىز - دە، ھاراق - شاراپ بىلەن مەستخۇشلىنىپ، دېسكو مۇزىكىسىغا پىرە ئوينايمىز. ئاينىڭ 20 - كۈنىگە

بارماي يانچۇقىمىز قۇرۇقلىنىدۇ ـ دە، ئاندىن «چوڭ ئۆي»گە يۈگۈرەيمىز. تەپتارتماستىن توڭلاتقۇنى ئېچىپ ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە ساقلاپ قويغان گۆش، ماي ۋە باشقا يېمەكلىكلەردىن «نېسىۋە» ئېلىپ ئۆيىمىزگە قايتىمىز. بۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىنىڭ قورسىقى ئاغرىمايدۇ، بەلكى يالقۇنجاپ تۇرغان تونۇرغا بېشىنى تىقىپ ياققان مەززىلىك توقاچلىرىنى سومكىغا قاچىلاپ «بالام، سىلەرنى دەپ ياققان بۇ توقاچلاردىن ئېلىۋېلىڭلار» دەپ مېھرىبانلىق بىلەن پىشانىمىزدىن سۆيۈپ قويىدۇ. ئانىلارنىڭ ئېتىقادى شۇنداق! پەرزەنت ـ يۈرەك ـ باغرى، ئۆمۈرلۈك بايلىقى، جىسمى ۋە روھى. لېكىن سەۋر ـ تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. «ئاتا ـ ئانام نېمە قىلسام كۆتۈرىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشى كېرەك» دېيىلا ئويلىماڭ. نىيىتىگە شەيتان ئارىلىشىپ قالغان ئالا كۆڭۈللەرگە ئانا قەلبى ـ «جەننەت»تىن ئورۇن يوق ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئاتا ـ ئانىغا يۆلىنىۋېلىش قارىماققا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىزدىنىشىنى ۋە ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنى سۇسلاشتۇرۇپ، مەقسەتسىز ۋە غايىسىز ياشايدىغان قۇلچىلىق روھىغا گىرىپتار قىلىدۇ. «تەييارغا ھەييار» بولۇشتەك بۇنداق پاسسىپ روھىي ھالەت تەرەققىي قىلغانسېرى ئىجتىمائىي گەۋدە ھاسىل قىلىپ ئەۋلاد ۋۇجۇدىدا مۇستەقىل ياشاش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، مېھنەت قىلماي ھالاۋەت تەلەپ قىلىدىغان روھىي چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ. ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ياتلىشىش ھامان بىر كۈنى روھىي جەھەتتە «ماڭقۇرت تراگېدىيىسى»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر پەرزەنتلىرىنى بوۋاقلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ئەركىن پىكىر قىلىشقا، مۇستەقىل ياشاشقا يېتەكلەشنى ئاتا ـ بالىلىق مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى دەپ چۈشىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بالا 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە تايىنىپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ ئاتا ـ ئانىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىدۇ ۋە شۇنداق ياشاشنى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانلىق ھېسابلايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئاتا ـ ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ياتلىشىش كېلىپ چىقمايدۇ. ئەكسىچە ئائىلە، جەمئىيەت بىر گەۋدىگە ئايلانغان، سەممىي كۆيۈنۈش ئۆلچەم قىلىنغان توغرا ئىنسانىيلىك مۇناسىۋىتى ئېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ. بىر ئۆمۈر ئاتا ـ ئانىغا يۆلىنىۋېلىش روھىيىتىنىڭ نۆۋەتتە ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قېلىشىدا ھەم ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئاتا ـ ئانىلارمۇ پەرزەنتلەرگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى قەلبىدە ساقلاپ، كونكرېت ھەرىكەتتە قاتتىق قوللۇق بولۇشى، ھاياتنى سۆيۈشى ۋە قەدىرلەش روھىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، باللارنى سۆيۈش بىلەن ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش، خۇراپىي ئېتىقادلاردىن قول ئۈزۈپ، باللارغا نىسبەتەن تەلەپچان بولۇش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇشى زۆرۈر. يەنە بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلەرمۇ ئاتا ـ ئانا ئۆمرىدىكە ماس يول تۇتۇپ، ئەڭ يۈكسەك سەممىيلىك ۋە چوڭقۇر ھېسيات بىلەن ئاتا ـ ئانىغا بولغان چىن ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ، ئاتا ـ ئانىنى خورلاشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان شەيتانغا قارشى ئۆز روھىيىتىدە مۇداپىئە سېپىلى قۇرۇش كېرەك.

پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدىكى بۇرچى پەقەت ئۇلارنىڭ كۆزى يۇمۇلغان كۈنى بېلىمىزگە ئاق باغلاپ، جىنازا ئالدىدا خۇددى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان «ئانام سەن يوق...» ناملىق مەرسىيە ناخشىسىدەك پۇشايمان ئىلكىدە نادامەتلىك يىغلاش دېيىلا قارىماسلىق لازىم. بىز ئالدى بىلەن نەزەرىمىزنى بۇ دۇنياغا تىكسەك، ئاندىن ئۇ دۇنيالىق ساۋاب تاپالايمىز. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، «ئانا دېگەن تىلتۇمار»نى مەڭگۈ بويىنىمىزدىن ئايرىمايلى، «ئاتا دېگەن زۇلپىقار»نى يادىمىزدا مەھكەم ساقلايلى، ئۇ بىزگە نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى پەرىشتە، يولىمىزنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق مەشئەل!(09)

# قايسى خىل قىلمىشلار ئىستېمالچىلارنى ئالداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ

★ ئالىمجان ئىمىن ★

ئىستېمالچىلارنى ئالداش قىلمىشى دىگەندە، تىجارەتچىلەرنىڭ تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش جەريانىدا باشقا ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلارنى ئالداپ ۋە خاتا يېتەكلەپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشىنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلەت سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 1996 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېلان قىلغان 50 - نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسلانغاندا، تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنى تاۋار ياكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگەندە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە ئىستېمالچىلارنى ئالداش قىلمىشى تەۋە بولىدۇ:

1) ساختا، ناچار نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ساختا تاۋارنى راست قىلىپ، ناچار تاۋارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىپ ساتسا.

2) ساختا ياكى باشقا ناتوغرا ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ساتقان تاۋارلارنىڭ مىقدارى ئۆلچەمگە يەتمىسە.

3) «بىر تەرەپ قىلىنغان مال»، «سۈپىتى ناچار مال»، «سۈپىتى تۆۋەن مال» قاتارلىق ماللارنى ياخشى مال قىلىپ ساتسا.

4) يالغاندىن «ئىسكىلات بوشىتىش باھاسى»، «چۈشۈرۈلگەن باھا»، «ئېتىبار بېرىش باھاسى» دەپ ياكى باشقا ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى باھانى كۆرسىتىپ ساتسا.

5) ساختا ھالدىكى تاۋار چۈشەندۈرۈش، تاۋار ئۆلچىمى، مال ئەۋرىشكىسى قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تاۋار ساتسا.

6) ئۆزىنىڭ ھەقىقىي نامى ۋە بەلگىسىنى قوللانماي تاۋار ساتسا.

7) باشقىلارنى ياللاپ ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئالدامچىلىق خاراكتېرىدە مالنى ئازدۇرۇپ ساتسا.

8) ساختا ھالدا نەق مەيداندا كۆرسىتىپ ياكى چۈشەندۈرۈپ ساتسا.

9) رادىئو - تېلېۋىزيە، كىنو، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاممۋى ۋاستەلەردىن پايدىلىنىپ، تاۋارنى ساختا تەشۋىق قىلسا.

10) ئىستېمالچىلارنى ئالداپ ئالدىن پۇل ئېلىۋالسا.

11) پوچتا ئارقىلىق سېتىشتىن پايدىلىنىپ، پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، تاۋارنى تەمىنلىمىسە ياكى كېلىشكەن شەرت بويىچە تەمىنلىمىسە.

12) يالغاندىن «مۇكاپاتلىق سېتىش»، «دىرىنى قايتۇرۇپ سېتىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تاۋار ساتسا.

13) باشقا ئالدامچىلىق ياكى ناتوغرا ۋاستەلەرنى قوللىنىپ، ئىستېمالچىلارنى ئالدىسا.

ئۇنىڭدىن باشقا، تىجارەتچىلەر ئىستېمالچىلارنى تاۋار بىلەن تەمىنلىگەندە، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلۈپ، ئۆزى ئىستېمالچىلارنى

ھەقىقەتەن ئالدىغان ياكى ئالدىمىغانلىقىنى، خاتا يېتەكلىمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالماي تۇرۇپ، بۇ خىل قىلمىشلارنى يۈرگۈزگەن بولسا، ئىستېمالچىلارنى ئالداش قىلمىشى بويىچە قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك:

1) ۋاقتى ئۆتكەن، سۈپىتى ئۆزگەرگەن تاۋارلارنى ساتسا.

2) باشقىلار روپىخەتكە ئالدۇرغان، تاۋار ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنغان تاۋارلارنى ساتسا.

3) ئىشلەپچىقىرىلغان جايى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، باشقىلارنىڭ كارخانا نامى ياكى ئىسىم - فامىلىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، سۈيىئىستېمال قىلىنغان تاۋارلارنى ساتسا.

4) باشقىلارنىڭ تاۋارلىرىنىڭ خاس نامى، ئورالمىسى، بېزىكى ياللغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ياكى سۈيىئىستېمال قىلىنغان تاۋارلارنى ساتسا.

5) گۇۋاھلىق بەلگىسى، داڭلىق مەھسۇلات بەلگىسى .قاتارلىق سۈپەت بەلگىلىرى ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان ياكى سۈيىئىستېمال قىلىنغان تاۋارلارنى ساتسا.

ئىستېمالچىلار تاۋار سېتىۋالغان ياكى مۇلازىمەتنى قوبۇل قىلغاندا، تىجارەتچىلەر- نىڭ يۇقىرىقىدەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى بايقىسا، دەرھال ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىشى كېرەك. سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرى بۇ خىل قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، قاتتىق جازالايدۇ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. (010)

## ئۆزۈك - ئۆزۈك تەسراتلار

مۇختار تۇرسۇن

### ئاتا - ئانا تەبىرى

مەن شۇنداق بىر تاغنى بىلىمەن، ئۇ دۇنيا ئۆگزىسىدىنمۇ بەھەيۋەت، مەردانە. مەن يەنە شۇ تاغ باغرىغا جايلاشقان بىر باغنى بىلىمەن، ئۇ رىۋايەتلەردىكى پەرىلەر سەيلىگاھىدىنمۇ گۈزەل، خۇشپۇراق. مەن تاغدىن ئىرادىنى، قەيسەرلىك، شىجائەتلىكنى ئۆگەندىم. باغدىن مېھرىبانلىقنى، مۇھەببەتنى، گۈزەللىكنى ئۆگەندىم. مەن يەنە شۇنىمۇ بىلىۋالدىمكى، ئۇ تاغ دەل ئاتا، باغ بولسا ئانا.

### ئۆزۈمگە خىتاب

مەن كېتىۋاتىمەن، گۈزەل پارلاق بىر نىشانغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. بەزىدە ئېگىز داۋانلارغا دۇچ كېلىمەن، بەزىدە كۆز يەتكۈسىز ئوكيانلارغا يولۇقىمەن. مەن كېتىۋاتىمەن، بەزىدە پۇتلىرىمغا تىكەنلەر سانجىلىدۇ. لېكىن مەن يەنىلا ئاشۇ گۈزەل، پارلاق نىشانغا قاراپ مېڭىۋېرىمەن.

### ھەقىقىي گۈل

بىر گۈل بار، ئۇ تولىمۇ ئاددىي، ئەمما تولىمۇ خۇشپۇراقلىق. ئۇنىڭدا گۈلدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت تامامەن تېپىلىدۇ. ئۇ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار، كۆركەم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تولىمۇ تەبىئىي. ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆزىگىلا خاس، ئۆزگىدە ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بىر خىل لاتاپەت، گۈزەللىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ تولىمۇ مەردانە. ئۇ قەھرىتاندىمۇ، بوران - چاپقۇندىمۇ ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتمايدۇ. مانا بۇ مېنىڭ گۈلۈم، بىر ھەقىقىي گۈل. (08)

# نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

★ سەمەت مۇھەممەت ★

ئاپتونوم رايونىمىزدا نامراتلارنى يۆلەش مۇھىم خىزمەتلەر قاتارىدا ئىزچىل چىڭ تۇتۇلدى. ھەرقايسى جايلار ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان «ئاپتونوم رايونىنىڭ 1 مىليون ئاھالىنىڭ كىيىمنى پۈتۈن، قورسىقىنى توق قىلىش قۇرۇلۇشى پىلانى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن پايدىلىق بولغان كونكرېت سىياسەت، تەدبىر ۋە پىلانلارنى تۈزۈپ چىقتى ھەم ئۇنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، ھېلىمۇ نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرنى تېزرەك ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش نۆۋەتتە ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى. بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداپ، پىلاندا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە نامراتلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم:

1. «تەڭ تەقسىمات»چىلىقتىن ساقلىنىپ، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ قىسىم نامرات رايونلارغا ياردەم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم ۋە مەبلەغلەرشۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىكى رولى ئىنتايىن ياخشى بولدى. ئەمما يەنە بىر قىسىم نامرات رايونلارغا ياردەم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم ۋە مەبلەغلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشقا ئېتىبار بەرمەسلىك، «تەڭ تەقسىمات»چىلىق كۆز قارىشى بويىچە مەيلى نامرات ئائىلە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، نامراتلىق دەرىجىسى ئېغىر ياكى يېنىك بولسۇن ئوخشاشلا ھەر بىر ئائىلە بېشىغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىش، ھەقىقىي قىيىنچىلىقتا قالغانلار بىلەن كارى بولماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ياردەم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم ۋە مەبلەغلەرنىڭ نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەشتىكى رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. گەرچە ماددىي بۇيۇم ۋە مەبلەغلەرنى «تەڭ تەقسىم قىلىش» قارىماققا تېيىك ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ بۇنىڭ ئاما



ئارىسىدىكى تەسىرى يامان بولماقتا. شۇڭا ياردەم قىلىنغان ماددىي بۇيۇم ۋە مەبلەغلەرنى تەقسىم قىلىشتا ھەقىقىي نامرات ئائىلىلەرگە يۈزلىنىپ، نامراتلىق ئەھۋالنى ئېنىچكە ئىگىلەپ، نامراتلىق دەرىجىسىگە قاراپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، «ئادەمگەرچىلىك» قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

2. نامراتلارنىڭ يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، خېلى كۆپ رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى تېز، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئەمما، يەنە بىر قىسىم رايونلارنىڭ نامراتلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش قەدىمى ئىنتايىن ئاستا، ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، شۇ رايوندىكى نامراتلارنىڭ كاللىسىدا يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى بىر قەدەر كۈچلۈك. مانا بۇنداق يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسى نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەم نامراتلارنىڭ داۋاملىق نامرات ھالەتتە تۇرۇۋېرىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىر نامرات رايوننى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئۈچۈن، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگىلا قاراپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، شۇ رايوندىكى خەلقنىڭ يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۆزى كۈچلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

3. نامراتلارنى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە پائال يېتەكلەپ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بىز پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەيمىز دەيدىكەنمىز، دېھقانلارنىڭ پەن- تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنئەنىۋى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش پەن- تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈپ، دېھقانلارنىڭ تېزدىن بېيىش يولىنى تېپىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

4. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئالدىن بېيىغان ئىلغار تىپلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ۋە بېيىش يوللىرىنى ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ھەم ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا نامراتلارنى يۆلەش سەپەرۋەر قىلىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش جېڭى باشلانغاندىن بۇيان، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، جاپالىق ئىگىلىك يارىتىپ قابىل كارخانىچى، داڭلىق پاختىكار، ماھىر باغۋەن، ئۈلگىلىك باقمىچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، ئەمما، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى نامرات رايونلاردا كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلمىدى. شۇڭا، ئىلغار تىپلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، بېيىشنىڭ يوللىرىنى پۇختا ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

5. ئاساسىي قاتلاملارغا ۋە نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە يۇقىرى ساپالىق كادىرلارنى سەپلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە ئاساسىي قاتلام كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە، بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە، مەلۇم پەن - تېخنىكا ۋە دېھقانچىلىق بىلىم ئىقتىدارىغا ئىگە، ئاساسىي قاتلاملارغا، ھەقىقىي نامراتلارغا يۈزلىنەلەيدىغان، دېھقانلارنى چۈشىنىدىغان، ئۆزىنىڭ باشلامچىلىق، يېتەكچىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرالايدىغان ئىقتىدارلىق ياش كادىرلارنى سەپلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. (07)

# بالىلار تەربىيىسىدە ئەر - خوتۇن بىردەك بولۇش كېرەك

★ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن ★

بالىلارنى ياراملىق، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش ناھايىتى جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ جەريان. بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە تارىختىن بۇيان نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەرلەر يېزىلدى، پېداگوك، پەيلاسوپلار چىقتى، ئاقىلانە پەند-نەسىھەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مۇقەددەس تەبىرلەر بېرىلدى، نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەش ھەققىدە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى. لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى يەنىلا بالىلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدىن باشلانغاچقا، بالا تەربىيىلەش جەھەتتە يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر، ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. شۇ سەۋەبلىك بالىلار تەربىيىسى جەمئىيەتتە يەنىلا مۇھىم مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىك بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇشاللىنىدۇ. لېكىن بالىلار تەربىيىسىگە كەلگەندە خۇشاللىقى بەزىدە قايغۇغا ئايلىنىپ، بالىلارنىڭ كەمسىزلىكى، ئۆكتەملىكى ئالدىدا تېگىرقاپ قالىدۇ. ھەتتا بالىلار تەربىيىسىدە ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

بالىلار تەربىيىسىدە ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى چوڭ ياكى دادىنىڭ مەسئۇلىيىتى چوڭ ۋە ياكى تەربىيىلەش ئانىنىڭلا مەسئۇلىيىتى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بالا ئەر- خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق ئاپىرىدىسى بولغاچقا ئۇنى تەربىيىلەشمۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. لېكىن بەزى ئائىلىلەردە بىر تەرەپ بالا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ بالىغا ياخشىچاق بولىدىغان، بىرسى بالىغا ئەسكى كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە بالا مېنى قوغدايدىغان ئادەم بار كەن دەپ تەربىيىنى ئاڭلىمايدۇ. بەزى ئائىلىلەردە بالا ئانىسىغا ھۇرپەيسە ياكى ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقسا دادا بالىغا تەربىيە بېرىشنىڭ ئورنىغا خوتۇنىغا ئاچچىقلىنىدۇ، ياكى جىم تۇرۇۋالىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا ئازراق جېدەل چىقسا ئانا بالىسىنى باغرىغا



بىسىپ هۆركرەپ يىغلاپ كېتىدۇ ياكى چالۋاقاپ ئېرىنى قارغاشقا باشلايدۇ. نەتىجىدە بۇنداق تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى بولمايلا قالماستىن بەلكى بالا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلدىغان بولۇۋالدۇ. مۇشۇنداق ئىشلار تۆپەيلىدىن بالىلار ھەتتا ئانام ياخشى، دادام ئەسكى، دادام ياخشى، ئانام ئەسكى دەيدىغان بولۇۋالدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلار ئۆكتەم، كەپسىز، ئەخلاقسىز، مەدەنىيەتسىز چوڭ بولىدۇ. بالىلار تەربىيىسىدە بىر تەرەپنىڭ بالا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ ياخشچاق بولۇۋېلىشى ياخشى ئىش ئەمەس.

بالىلار ئادەتتە دادىسىغا ئانچە قاتتىق يانالمايدۇ. بىراق ئانىسى گەپ قىلسا جىم تۇرمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا دادا بولغۇچى دەرھال ئانىنىڭ ئەجرىنى، تارتقان جاپاسىنى بالىنىڭ ئېسىگە سېلىپ بالىنى ئۇيالدۇرۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا بالىلاردا بىر خىل خىجالەتلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە، تەربىيىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ.لېكىن بالىلارغا تەربىيە بەرگەندە چوقۇم ئىلمىي بولۇشى كېرەك. تەربىيە ئۇسۇلى قوپال بولسا تەربىيىنىڭ رولى بولمايدۇ ياكى دەماللىققىچە رولى بولغاندىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك بولماي قالىدۇ. بالىلار تەربىيىسىدە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىردەكلىككە ئېگە بولماي قېلىشىدا مەسىلىلەر تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) بىزدە ئاران بىرلا بالا تۇرسا ئۇنى تەنقىدلەپ نېمە قىلاتتۇق دەپ بالا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىش؛ 2) بىزنىڭ تۇنجى بالىمىز دەپ بىرسى بىرسىنى تەنقىد قىلىشقا يول قويماسلىق؛ 3) بۇ بىزنىڭ ئەڭ كىچىك بالىمىز دەپ بىرى بىرىنىڭ تەنقىد قىلىشىنى ياقتۇرماسلىق؛ 4) بىرلا ئوغۇل،بىرلا قىز دېگەنگە ئوخشاش باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىش قاتارلىقلار. بالىلار تەربىيىسىدە بىر تەرەپنىڭ بالا تەرەپكە ئۆتۈۋېلىشىنى ئۇلار بالىغا كۆيۈنگەنلىك دەپ قارايدۇ. بالىلارمۇ ئۇلارنى ماڭا كۆيۈنۈۋاتىدۇ دەپ ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا كىمنىڭ بالىغا ھەقىقىي كۆيۈنگەنلىكى بالىنىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن مەلۇم بولىدۇ. بالىلار تەربىيىسىدە ئەر ـ خوتۇن بىردەكلىككە ئېگە بولمىغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى مۇقەررەر ھالدا كېيىنكى كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھېچ قايسىسىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئۆز بېشىمچى، خالىغىنىنى قىلىدىغان ئەخلاقسىز ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك ۋاقتىدا بىرەرسىنىڭ ھىمايىسىدە چوڭ بولغان بالىلارغا كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ھىمايىچى ئاتا ياكى ئانا تەربىيە بەرسىمۇ بالا تەربىيىنى ھەرگىز سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق بالىلار ئاخىرى بېرىپ شۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. دېمەكچىمەنكى بالىلار تەربىيىسى ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ھەممە ئادەم ئاتا ـ ئانا بولالىغان بىلەن ھەممە ئاتا-ئانىنىڭ ياخشى بالا تەربىيىلىگۈچى بولالىشى ناتايىن. ئەمما بالىلار تەربىيىسىدە ئەر ـ خوتۇن ئوخشاش مەقسەت، ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆزئارا زىچ ماسلىشىپ بالىلارغا تەربىيە بەرسە بۇنداق تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ. بالىلارمۇ ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، كۆيۈمچان، سەمىمىي ئادەم بولىدۇ. بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (04) .

(تۇرسۇنمۇھەممەت لوسمان فوتوسى)

# «ئانا مۇھەببىتى» ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

★ لېتىپ رازىق ★

ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىنىڭ 90 - يىللاردىكى مېلودىيىسى «قەدىردان ئانىنى ئەسلەش»كە كۆچكەن بولسا كېرەك. يېقىندىن بۇيان سەھنە، رادىئو ۋە تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا، گېزىت - ژۇرناللاردا جۇلالىنىۋاتقان چولپانلار «ئانىنى ئەسلەش» تېمىسىدىكى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالغۇچى مۇڭلۇق سادالىرى بىلەن ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئانا مېھرى ـ ھەققەتەن ئۆلمەس تېما. چۈنكى، ئانا مېھرى قۇرىماس بۇلاق. جاھاندا سۇغا تەشنا بولمايدىغان بىرمۇ ھاياتلىق بولمىغىنىدەك، ئانا مېھرىدىن ئۇزۇقلانمىغان بىرمۇ ئىنسان يوق. مۇشۇ ھەققەت ئانا مېھرىنى ئەنە شۇنداق ئۆلمەس تېمىغا ئايلاندۇرغان. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئانا ـ دۇنيادىكى ئەڭ شەخسىيەتسىز، ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان. ئۇ ئۆزىنىڭ تومۇرىدىكى قان ۋە ئۇغۇز سۈتى ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە مۇھەببەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىنسانىي خىسلەتنى ئاتا قىلغان. ئانا ـ مۇھەببەتنىڭ مەنبەسى. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇھەببىتىگە سازاۋەر نەرسىنى «ئانا»سۆزى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئانا ۋەتەن»، «ئانا تۇپراق»، «ئانا تىل»، «ئانا مەكتەپ» ۋەھاكازالار. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئانىنى كۈيلەش، ئانىغا بولغان ساداقەتنى ئىپادىلەش، ئانىنى سېغىنىش كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئاساسىي مېلودىيىسى، خالاس.

سەھنە ۋە ئېكرانلاردا ئانا ھەققىدە ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن شۇنچە ئالقىشقا سازاۋەر بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئانىغا بولغان مۇھەببەت، ئانىنى ھۆرمەتلەش، ئانىغا بولغان ساداقەتنى بىلدۈرۈش، ئانا ئەجرىنى ئاقلاش، ۋاپادار، كۆيۈمچان بولۇش، باللىق بۇرچىنى ئادا قىلىش، سېغىنىش قاتارلىق كونكرېت مەزمۇنلار ناخشىچىلىرىمىزنىڭ كۈي تېمىسى ۋە مەزمۇنى بولۇشقا تامامەن



مۇناسىپ.

ئەپسۇس، بېقىندىن بېرى «يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك» بەس - بەستە بىخ ئۇرۇپ كۆكلەۋاتقان ئانا ھەققىدىكى كۇيلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەنلا چەكلەنگەچكە مۇقەررەر ھالدا كىشىلەردە «ئانا مۇھەببىتى پەقەت ئانىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى سېغىنىشنىلا ئىپادىلەيدىغان مەۋھۇم ئۇقۇممىدۇ؟» دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلماقتا. بۇنى سەۋرچانلىق بىلەن تەھلىل قىلساق، بۇ، ئانا مۇھەببىتىنى كۈيلەشتىكى بىر تەرەپلىمىلىك دەپ ئېيتالايمىز، ئەلۋەتتە. ھەتتا، بەزىلەر يۇمۇرلۇق قىلىپ: ئاشۇ مۇئەللىپ، ئاشۇ كۈيچى ئانىسى ھايات چېغىدا قەدرىگە يەتمىگەن بولغىيتتىمۇ، ياكى ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا «ئانا مۇھەببىتى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەنمىدۇ؟ — دېگەن سوئاللارنى قويۇشماقتا. بۇ ماھىيەتتە ئانا مۇھەببىتىنى كۈيلەشتىكى بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت. چۈنكى مىڭلىغان - مىليونلىغان ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغاندىن كېيىنكى سېغىنىشلىق مۇڭلىرىنى ئاڭلاشقا ئەمەس، بەلكى، ھايات چېغىدا سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇناسىپ مۇھەببىتىنى كۆرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشكە مۇھتاج. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەلىي پائالىيەت. شۇڭلاشقا شائىر ۋە كۈيچىلىرىمىزنىڭ ئانا مۇھەببىتىنى مۇشۇ مەزمۇنلار بىلەن يەنىمۇ بېيىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەكسىچە بولغىنىدا تۆۋەندىكى ساداغا قۇلاق سېلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

## مەن بار

(بىر مەرھۇم موماي ئاغزىدىن)

ئۇ دۇنيادىن سادا كەلدى، ئەسلەپسەن ئوغلۇم مېنى،
توقسان ياشتا ياندىم بۇيان، ئېگەك تاڭغاندا مەن بار.
كىچىكىڭدىن ئاق سۈت بېرىپ، پەپلەپ قاتارغا قاتتىم،
«تۆتىنىڭ بىرى» بولۇپ ئەجرىمدىن ياڭاق چاققاندا مەن بار.
ياشلىقىمدا ھاپاش ئېتىپ چۈشۈرمەستىن بوينۇمدىن،
قېرىغاندا «دېدەك» بولۇپ بالاڭ باققاندا مەن بار.
باللىرىڭنى ئەللەي ئېتىپ كېچىلەردە كۆز يۇماي،
ئۇنى ئازدەپ تاڭ ئاتقاندا كىرىڭ يۇيغاندا مەن بار.
ئىشتىن كېلىپ شول كېلىنىم ئازازۇلدەك چالۋاقاپ،
يۇيغان كىرىمنى ياراتماي يەرگە ئاتقاندا مەن بار.
جېنىم بالام، خىجىللىقتا كىرەرگە يەر تاپالمساڭ،
«ئاناڭ تۇرامدۇ يامەن؟» دەپ ياقاڭ يىرتقاندا مەن بار.
ئوڭغا باقساڭ ئۆز ئاناڭ، سولغا باقساڭ بالا - چاقاڭ،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسىدا بېشىڭ قاتقاندا مەن بار.
مۇرەببىمدىن ئايرىلىپ، يۆلكىم يوق غېرىبسىنىپ،
تەقدىرىمگە تەن بېرىپ، تاقەت قىلغاندا مەن بار.
كېچە - كۈندۈز يېنىمدا پەرۋانە بولماق نە تۇرسۇن،
بەزىلەردە تاڭ ئاتقۇزساڭ ئۆيۈڭ باققاندا مەن بار.
باللىرىڭغا بازاردىن بىشەكىشدىن ئېپ كېلىپ،
«چىشى ئۆتمەس موماڭنىڭ» دەپ يالغان ئېيتقاندا مەن بار.
ئۇسسىغاندا قەنت چاي ئىچىپ «ئانام بولسا ئىدى» دەپسەن،
بىر پىيالە داغ چاي ئۇچۇن چەينەك چاققاندا مەن بار.
سويۇپ قوي-كۆش بىلەن شورپا تەييارلاشنى نىيەت قىپسەن،
قۇرۇق نانغا چىشىم ئۆتمەي تاشتا سوققاندا مەن بار.
بەللىرىمنى ئۇۋۇلاشمۇ يوق بىتاب بولۇپ يېتىپ قالسام،
قاپاقلاردىن مۇز يېغىپ، بوران ئۇچقاندا مەن بار.
ئىنسان قەدرى ئۆلگەندىكەن، تىرىكلىكتە ھېچكىم بىلمەس،
گەر تىرىلىش نېسىپ بولسا يەنە ئالدىڭدا مەن بار. (04)

# خۇشلىشىشمۇ ياكى ھازىمۇ؟

★ گۈلبادام مەھەممەترېھىم ★

قەدىمدىن ھازىرغىچە بەنى ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگىچە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلىرىمىز يىراق - يېقىن سەپەرگە ماڭسا «خەير-خوش»، «خۇداغا ئامانەت»، «ئاق يول بولسۇن» دېگەندەك ياخشى تىلەكلىرىمىز بىلەن خۇشلىشىپ كېلىۋاتقانىدۇق. مانا بۇنداق خۇشلىشىش ئۇسۇلىمىز بىز خەقنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىمىزنى نامايان قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى.

ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس! ئەسىر ھالقىش پەيتىدە تۇرۇۋاتقان، ھەممە ئادەم كۆز تىكىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە ئېلىۋاتقان ئاز سانلىق ھېسسىياتچان، تەنتەك، يىغلاڭغۇ ستۇدېنتلىرىمىز ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، بۇرچىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا، جاھاندا يوق ئاجايىپ «مۆجىزە»-«ھازا ئېچىپ خۇشلىشىش»نى «كەشىپ» قىلدى.

1997 - يىلى 7 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەتىگەن سائەت 8 دىن ئاشقان بولۇپ ھاۋا ناھايىتى دىمىق ئىدى. ×× مەكتەپنىڭ ئالدى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ماڭىدىغانلار، ئۇلارنى ئۇزىتىدىغانلار، ئۈستى - ئۈستىلەپ قويۇلغان يۈك - تاقلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. مەكتەپنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار ئىدى. قارىغاندا ھەممەيلەن ئاپتوبۇسنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا شىنجاڭ يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ 2 ئاپتوبۇسى يېتىپ كەلدى. ئوقۇغۇچىلار توپى بىردىنلا «جانلىنىپ» كەتتى. بىر قىسىم ئوغۇللار ئەتراپتىكى كىچىك دۇكانلارغا يۈگۈردى، قىزلار «ھازا»سىنى باشلىدى. شۇ ئەسنادا يەنە 2 ئاپتوبۇس يېتىپ كەلدى، «ھازا» تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، دۇكانلاردىن ئۆزلۈكسىز توشۇلۇۋاتقان پىۋىلەر بوتۇلكىلاپ ئىچىلىشكە باشلىدى. يىغا - زارە قىلىشىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى مەھكەم قۇچاقلىشىۋالغان، يەنە بەزىلىرى قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ھاسىل قىلىشقانىدى. تېخى ھېلىلا ئوغۇللار سوقۇشتۇرۇۋاتقان بوتۇلكىلار مانا ئەمدى قىز-ئوغۇل دەپ ئايرىلمايلا ئايلىنىشقا ھەتتا ئۇستىباشلارغا چېچىلىشقا باشلىدى. قايسى بىر توپلاردىندۇر مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان تولا ئېيتىلىپ، ھەممەيلەننىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن مۇڭلۇق بازارلىق ناخشا يىغا ئارىلاش ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتىلىشقا باشلىدى.

بىر تىزىق مارجان، بىر دەستە گۈلدەك،

ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ...

ئەسلىدە ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بۇ



ناخشا ئەمدى يېقىمسىز ئېيتىلىشقا باشلىدى. بۇ ناخشا شۇ تەرىقىدە تەكرار - تەكرار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىغا - زارە ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە نە بىلىم بەرگەن ئۇستازلىرى، نە ھەيرانلىق ئىلكىدە مەسخىرىلىك قارىشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ... قىسقىسى ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. مەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا نەزەر سالدىم. ئۇلارنىڭ خوشلىشىش ئۇسۇلى باشقىچە بولۇۋاتاتتى. بىر قىسىملىرى ئۈنسىز ياش تۆكسە، كۆپىنچىلىرى: «خىزمىتىڭگە ئۇتۇق تىلەيمەن، مېنى ئۇنتۇپ قالما، داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرايلى ...» دەپ قول ئېلىشقاچ ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتاتتى. يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن شوپۇرلار ئالدىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن بىزنىڭ خوشلىشىشىمىز شۇ يوسۇندا داۋاملىشىۋاتاتتى.

كۈتۈۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان شوپۇرلار ئاخىرى ئاپتوبۇسلىرىدىن چۈشتى. ئوتتۇرا ياش بىر شوپۇر يېنىمغا كېلىپ سۆز باشلىدى: «قارا، بۇلارنىڭ نەرى ئالىي بىلىم يۇرتىدا تەربىيە ئالغانلارغا ئوخشايدۇ، ھازىرقى بەزى ياشلاردا شەرمى - ھايا يوقاپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئاۋۇلارغا قارا، قىز- ئوغۇل دېمەيلا قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتقىنىنى، مېنىڭچە، بۇنداق ئىشلار سىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىڭلارغا ماس كەلمەيدىغۇ دەيمەن؟ مەن كۆپ يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە توشۇپ كېلىۋاتىمەن، بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى ئۇچراتمىغانىدىم. بىر نەچچە يىل بولدى، مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپىيىشى بىزنىمۇ بىزار قىلىۋەتتى. ئالدىنقى ھەپتە × مەكتەپنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەكەتكىلى كەلسەك شۇنداق ئاۋارە قىلىۋەتتى، تېخى قۇچاقلىشىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىدا يېتىۋالغىنىنى دېمەمدىغان. ھەممىسىنىڭلا يۈز - كۆزلىرى كۆك، يېرىق، ئۇستىباشلىرى لاي ... يەشىك- يەشىك پىۋىلەرنى ئالالىغان [نوچى]لارنىڭ بەزىلىرى شۇنچە ئۇزۇن يوللاردا ئاچ قورساق، ئۇسسۇز مېڭىشتى ...» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ، يۈزۈم قىزىپ تىلىم گەپكە كەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

شوپۇر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زورى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئاخىرى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى «ھازا» سورۇنى ئاپتوبۇسقا كۆچتى. بەزىلىرى ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىلىرىنى ئېچىپ، بىر تەرەپتىن يىغلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن «ھەي ×× كېلە، بېشىمنى يېرىۋېتە، يۈزۈمنى چىشلىگىنە، پېشانەمگە ئۇسسۇۋەت، يېرىلىپ ئىز قالسۇن ...» دېيىشىپ بىر - بىرىنى ئۇرۇشسا، يەنە بەزىلىرى ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ تۇرۇپ يىغلىشىۋاتاتتى. ھەر بىر ئاپتوبۇس قوزغالغاندا، يىغا - زارە ئەۋجىگە چىقاتتى. ھەتتا نەچچە يۈز مېتىر ماڭا - ماڭمايلا ئاپتوبۇسنى توختىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى. بىر نەچچە سائەت شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بۇ كاتتا «ھازا سورۇنى»مۇ ئاخىرلاشتى. مەن قالايمىقان تاشلانغان پىۋا بوتۇلكىلىرى ئارىسىدا، كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا يا كۈلۈشنى يا تەڭ يىغلاشنى، قىسقىسى نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

كۆز ئالدىمدىن، بالامنىڭ بوينى قىسىلمىسۇن دەپ، يىلبويى جاپالىق ئىشلەپ ئالغان ھوسۇللىرىنىڭ پۇلىنى بالىلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى سېرىقتال كۆڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار؛ ماڭاشنى تولۇق ئالمەن، بالامغا ئەۋەتىمەن دەپ، ئاغرىپ قالسا دوختۇرخانىغا بېرىشقا كۆزى قىيماي، يا ئۇچىسى، يا گېلى خوش بولماي بىمەھەل قېرىپ كېتىۋاتقان ئايلىقچى ئاتا- ئانىلار؛ خەقنى دوراپ (بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار شامپان چېچىشىپ، غەلىبە، ئۇتۇقلىرىنى تەبرىكلىگەنىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈۋېلىپ) ئاشۇرۇۋېتىپ،

كىشلەرگە كۈلكە بولۇپ بېرىۋاتقان بەزى بەتخەج ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ يانچۇقلىرىدىن شاراقشىپ چىقىپ، دۇكاندارلارنىڭ قولىغا بىهۇدە چۈشۈپ كېتىۋاتقان پۇللار: يۇرت ـ مەھەللىلەردىكى نامراتلىق، مۇھتاجلىق دەستىدىن ئوقۇشسىز قېلىپ بالا باققۇچى، ئائىلە خىزمەتچىسى، ئىشلەمچى بولۇپ كېتىۋاتقان توپ ـ توپ بالىلار ... بىر ـ بىرلەپ ئۆتتۈشكە باشلىدى.

خەق نېمە ئويدا، بىز نېمە كويدا؟

دەرۋەقە، جاي ـ جايلاردىن كېلىپ بىر سىنىپ، بىر پارتىدا بىللە ئولتۇرۇپ، بىر ياتاقتا بىللە يېتىپ، تاپقىنىنى تەڭ يەپ، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ ئېيتمايدىغان كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ، نەچچە يىلنى بىللە ئۆتكۈزگەن ساۋاقداشلارنىڭ ئايرىلىشى ئاسان ئەمەس. چۈنكى، مەكتەپ ئىلىم ـ مەرىپەت بۆلىقى، مەكتەپ مەدەنىيەت بۆشۈكى، شۇنداقلا بۈيۈك ئارزۇ، مەقسەت ئۇچۇن توپلانغان ئوت يۈرەك ياشلارنىڭ قەلب رىشتىسىنى باغلايدىغان ماكان. سىلەر بولساڭلار جەمئىيەتكە بىلىم، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار؛ ئىلىمدىن ئىبارەت نۇرلۇق مەشئەلنى قورال قىلىپ تۇرۇپ قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتقۇچى، مەنىۋىيىتىمىزگە يات بولغان زەئىپلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان نادانلىق ـ ھەشەمخورلۇق، يىغلاڭغۇلۇق، ھۇرۇنلۇق، بوشاڭلىق ... ئىللەتلىرىگە ئوت ئاچقۇچىلار. سىلەر خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك پەرزەنتلىرى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى.

ئەپسۇس، ئەسىر ئاتلاش بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتقان سىلەردەك كېلەچەك ئىگىلىرىنىڭمۇ ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يىغلاڭغۇلار توپىغا قېتىلىپ كېتىدىغان ئاجىز، مىسكىن ئىرادىسىزلەردىن بولۇپ قالغىنىڭلارنى كىممۇ ئويلىغان؟

بولدى بەس ستۇدېنتلار، كۆز يېشىڭلارنى سۈرتۈپ يېڭى ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن قەدەم بېسىڭلار! «ھازا سورۇنى»نى ھەقىقىي ھازىدارلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىڭلار! (01)

## ساياھات خۇش خەۋىرى

شىنجاڭ جۇڭگو ياشلىرى ساياھەت ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 ـ دەرىجىلىك ساياھەت ئىدارىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، شىركىتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك خادىملىرى، كۆپ تىللىق ساياھەت يېتەكچىلىرىمىز بار. بىز ھەر يىلى ھەر ساھەدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان ساياھەتچىلەرنى تەشكىللەپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېكسكۇرسىيىگە ئاپىرىمىز.

تۆۋەندىكى ساياھەت لىنىيىلىرىنى سىزنىڭ پايدىلىنىشىڭىزغا سۇنىمىز:

1. خەينەن ئارىلىغا 8 كۈنلۈك ساياھەت.
2. كۇنمىڭ، دالى، لىجياڭ، لۇگۇخۇ 10 كۈنلۈك ساياھەت.
3. كۇنمىڭ، شىشۇاڭبەننا، بىرما 7 كۈنلۈك ساياھەت.
4. كۇنمىڭ، خېكۇ، ۋيېتنام 10 كۈنلۈك ساياھەت.
5. خاڭجۇ، نەنجىڭ، شاڭخەي، ۋۇشى، سۇجۇغا ساياھەت.
6. گۇيلىن 5 كۈنلۈك ساياھەت.
7. شىئەن، لوياڭ، كەيفېڭ، جېڭجۇ 7 كۈنلۈك ساياھەت.
8. شىئەن، خۇاشەن، يەنئەن 9 كۈنلۈك ساياھەت.
9. چېڭدۇ، ئېمېي، تېغى، لېشەن چوڭ بۇتى، چاڭجياڭ سەنشيا، چاڭشا، شاۋشەن تېغى، يۆياڭ جاڭجاجې 14 كۈنلۈك ساياھەت.
10. چېڭدۇ، لېشەن، ئېمېي تېغى، جۇڭچىڭ، چاڭجياڭ سەنشيا، ۋۇخەن 10 كۈنلۈك ساياھەت.
11. چېڭدۇ، دۇجياڭيەن، جۇزمىگۇ، چوڭ يېشىلچىلىق مەيدانى 9 كۈنلۈك ساياھەت.
12. يىپەك يولى ئالاھىدە ساياھەت.
13. جۇڭگو قەدىمكى شەھەرگە 16 كۈنلۈك ساياھەت (بېيجىڭ، داتۇڭ، تەييۈەن، لوياڭ، جېڭجۇ، شىئەن)
14. چىڭداۋ، ۋېيخەي، تەيشەن، جىنەن، يېڭلەي 10 كۈنلۈك ساياھەت.
15. بېيجىڭ، بېيدەيخې، چېڭدې 9 كۈنلۈك ساياھەت.
16. شيامېن، چەنجۇ، فۇجۇ، شىشى 5 كۈنلۈك ساياھەت.
17. گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەي 8 كۈنلۈك ساياھەت.

سىز يېڭى ساياھەت يولى ئېچىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش يولى 9 ـ قورۇ (ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئىچىدە)
ئالاقىلەشكۈچى: خەلقئارا ۋە مەملىكەت بۆلۈمىدىكى ئالىمجان ئابدۇكېرىم، ۋاڭ پىڭ
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: قول تېلېفون: 9118279
ئىشخانا: BP2840606 : 24209 ـ 717 1812799 ـ 2920168
پوچتا نومۇرى: 830002

# كەسپتە نەتىجە قازىنىشتىكى
# 9 چوڭ ئامىل

**1. ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىگە ئىگە بولۇش.** قەدىمكىلەر «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە»، دەپ توغرا ئېيتقان. ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان نىيەت ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق ئىش، ھەر قانداق قىيىنچىلىق توسالمايدۇ.

**2. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىش.** ئۆزىنىڭ قىممىتى بولمايدىكەن، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

**3. خاتالىقنى سەزگەن ھامان تۈزىتىش.** ئادەم خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن خالىي بولالمايدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەنىكەن تۈزىتىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى ھەمدە خاتالىق ئىچىدىن ساۋاق ئېلىشى كېرەك.

**4. ئۇيۇشۇش روھىغا ئىگە بولۇش.** كوللېكتىپنىڭ بىر ياخشى ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن، كوللېكتىۋىزملىق روھقا ۋە ئاممىۋى تۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇشى، كىشىلەر بىلەن قانداق ئۆتۈشنى، قانداق ھەمكارلىشىشنى بىلىۋېلىشى، ھەرقانداق ئىشتا ئادىل بولۇشى كېرەك.

**5. كەسپنى ياخشى تاللاش.** بىر خىل كەسپنى ياخشى تاللاش ھەمدە شۇ كەسپ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت شۇغۇللىنىش سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دائىم كەسپ ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش گەرچە سىزنىڭ كەچۈرمىشىڭىزنى ۋە تۇرمۇشىڭىزنى بېيىتسىمۇ، لېكىن سىز كەسپىي سەۋىيىڭىزنى ئۆستۈرەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن زىيان تارتىسىز.

**6. بىر قەدەر يۇقىرى تەربىيىگە ئىگە بولۇش.** بىر ئادەمنىڭ كەسپتە نەتىجە قازىنىشى شۇ كىشىنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا تەربىيىلىنىشنى خىزمەت تەجرىبىسىنىڭ ئالدىغا قويۇشنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار.

**7. خىزمەت تەجرىبىلىرىنى توپلاش.** بىر ئادەمنىڭ كەسپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدا خىزمەت تەجرىبىسىمۇ خېلىلا مۇھىم. ئادەتتە باشتىن كەچۈرگەن ئىشلار قانچە كۆپ بولسا، تەجرىبە قانچە كۆپ بولسا، نەتىجە قازىنىش مۇمكىنچىلىكى شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

**8. ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولۇش.** بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا شۇ كىشىنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە تەجرىبىلىك بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە ياخشى پۇرسەت بولۇشى كېرەك.

**9. خەلقئارالىق تەجرىبىگە ئىگە بولۇش.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيادا ئالاقە بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. كۆپ ساندىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم ۋە تېخنىكا كىرگۈزمەكتە. شۇڭلاشقا، چەت ئەل تىلىنى بىلىدىغان، خەلقئارالىق قائىدە - يوسۇنلارنى بىلىدىغان، خەلقئارالىق تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشىلەر بارغانسېرى ئېھتىياجلىق بولماقتا. (04)

(گۈلنۇم .ت)



# بالىلىق ھەققىدە ئەبجەش خىياللار

★ دىلمۇرات مەھمۇت ★

ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولۇپ تا بۈگۈنگە قەدەر ھەددى - ھېسابسىز بالىلار تۇغۇلۇپ ياشاپ ئۆتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى لىللا ئادەم بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەنە شۇ بالىلىقنىڭ ساددا قاراشلىرىدىن ۋاز كېچەلمەي ئۆمۈربويى قول بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى، بەزىلىرى تويماس، چىرىك روھنىڭ قارا پاتقىقىغا پاتقانچە گۆر ئاغزىغا بارغاندا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق قول كېتىۋاتقانلىقىنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىشتى - بۇ، ئەپسۇس، ئۇنىڭدىن بىرەر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

شۈبھىسىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرىمۇ دەل ئەنە شۇ كىشىلەر ئارىسىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكى بالىلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بىرەر كونا، پاسسىپ ئەخلاق-تۈزۈم ياكى تەپەككۇر ئىچىدە ياشاش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە يات ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا پارتلاشسىمان ئېنېرگىيىلەرنى جۇغلىيالايتتى. «ئەگەر مەندە ئاللاھدىللىك بار دېيىلسە، ئۇ دەل ھېچقانداق چەكلىمىدىن قورقماس روھ» دەيدۇ نىتسشې. ۋەھالەنكى، بۇ خىل كۈچ ئەزەلدىن ھەقىقىي پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ زور روھىي قوزغاتقۇچىسى بولۇپ كەلدى. «سوفىينىڭ دۇنياسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن بۈگۈنكى دۇنيادا زور غۇلغۇلا قوزغىغان نورۋېگىيىلىك پەيلاسوپ جوستېن كاردېر بالىلار بىلەن پەيلاسوپلارنىڭ يەنە بىر ئوخشاشلىقىنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: «ئۇلار ئورتاق ھالدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۇنياغا يېپيېڭى نەزەر بىلەن قارايدۇ. شەيئىلەرنىڭ شۇنداق شەيئىلەر بولۇشى دائىم ئۇلارنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. پەيلاسوپلارنى يېڭى - يېڭى تەپەككۇر يولىغا باشلىغۇچى سىرلىق كۈچ مانا مۇشۇ خىل بالىلىق تۇيغۇدىن كەلگەن. ۋەھالەنكى، بالىلار چوڭ بولغانسېرى بۇ دۇنيادىكى شەيئى - ھادىسىلەرگە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ كېتىدۇ ھەم بۇرۇنقىدەك تەئەججۈپلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. دېمەك، دۇنيادا ھەممە كىشىنىڭ پەيلاسوپ بولۇش پۇرسىتى بار، بىراق ئۇ ئەنە شۇ بالىلىق تۇيغۇنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدىغانلارغا مەنسۇپ».

بالىلارنىڭ زوق - شوخ بىلەن چوڭلارنى دوراپ



ئۆي تۇتۇپ ئاغچىئايلام ئۇيناشلىرى بىزنى باللارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى چوڭ بولۇش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىشەندۇرمەي قويمايدۇ. دېمىسىمۇ، باللارنىڭ ئۆيدا كىچىكلىك شۇبھىسىزكى ئاجىزلىق، چوڭ بولۇش بولسا ئۇلۇغلۇق، مۇكەممەللىكنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. روسسو ئەينى چاغدا باللارنىڭ ساددا، تەبىئىي خاراكتېرىنى ئامال بار ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغان بولسا، زامانىمىزدىكى پسىخولوگ فروئىد باللىق دەۋردىكى بارلىق كەچۈرمىشلەرنىڭ ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتتى. ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىدىكى بەزى كاپىتالىزم ئەللىرى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى قۇرغۇچىلىرىنى خېلى ئىلغار ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بىلەن بەھرىمەن قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار باللىق دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلغانىدى، باللار مائارىپىنىڭ ئەزەلدىنلا بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە سېلىنىدىغان ئۇل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شۇنچە چوڭقۇر تونۇپ يەتمەكتە ئىدى.

نىھايەت، 20 - ئەسىرنىڭ دەۋر روھى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قاغجىرىغان مەدەنىيەت بەلۋاغلىرىغا يېتىپ كەلگەندە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق ئارىسىدىكى، تەقىبلىك بىلەن ئىسيانكارلىق سېلىشتۇرمىسىدىكى كۆرەشمۇ باشلىنىپ كەتتى. بۇ خىل ئىدىيۋى كۆرەشلەر ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا دەل باللار ئۈستىدە، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. 1885- يىلى ئىكساقتا ھۈسەيىن باي، باھاۋۇدۇن بايلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان .«ھۈسەينىيە مەكتىپى» بۇ كۆرەشنىڭ تۇنجى بازىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا كېيىنكى يىللاردىكى تۇركۇم - تۇركۇملەپ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا تولۇق شارائىت ھازىرلاندى. يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى بولغان مائارىپ ئۇستازلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئويغاق روھى بىلەن ياش ئەۋلادلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش يولىدا جېنىنى تىكىپ قويۇپ كۆرەشكە ئاتلاندى. بۇ خىل كۆرەش دولقۇنلىرىدا شۇڭغىغان غەۋۋاسلار بولسا باللارنىڭ كەلگۈسى مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى نوتا ۋاقىتدا توغرا يولغا سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا، دۇنيا تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئاقىللار ئىدى.

تارىخ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن سىرلىق ئۇدۇملىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر تالاي ئەگرى-توقايلىقلارنى بېسىپ بۈگۈنگە ئۇلاشقاندا، مائارىپ كىشىلىرىمىز نەزەرىدە ئەقەللىي بىر ساۋات بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە قانداقتۇر بىر بوشلۇقنىڭ ئاتا - ئانىلار بىلەن باللار ئارىسىدا داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس ئىدى. ھەقىقەتەن، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىز ھالقىپ كېتەلەيمىز دەپ قاراۋاتقان «ئىقتىساد»تىن ئىبارەت بىر داۋان كۆز ئالدىمىزدا تاشلىنىپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ يولدا ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى يوق. ئېھتىمال، تارىخ چاقىنىڭ دەۋرىلىك ئايلىنىشى بىلەن ۋۇجۇدىمىزنى چۇلغىۋالغان تىرىكچىلىك غېمى يوقالغاندا ياكى باللىرىمىزنىڭ كېلەچىكى بىزنى تەشۋىشكە سالغاندا، ئاندىن تاشلىنىپ قېلىۋاتقان بۇرچىمىز توغرىلىق قايتا پىكىر قىلىپ باقارمىز. دېمەك، بىر كىشىنىڭ جاپالىق دەۋردىن تارتىپ ئۇنىڭ ئاخىرقى ھاياتىغا قەدەر سوزۇلغان بۇ يولنى ئەزەلدىنلا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە بارىدىغان يول، دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدا ئاندىن ھەممە ئىشنى باللاردىن باشلاشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلەلەيمىز.



تەھرىر: 07
ئىبراھىم ماخمۇت

(07)

# «رابىيە - سەئىدىن» تراگېدىيىسى

## قايتا تەكرارلانمىسۇن

★ گۈلنۇر ئابدۇللا ★

«رابىيە - سەئىدىن» 18- ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى مەشھۇر داستان. ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ رابىيە باي ئائىلىسىدىن، ئۇنىڭ سۆيگىنى سەئىدىن نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم بۇ ئىككى ياشنىڭ بەختلىك قوشۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلغاچقا، ئۇلار ئۆز ھاياتىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ ھەقىقىي بولغان ۋەقە. لېكىن ئارىدىن 200 يىل ئۆتكەن، يەنە كېلىپ دەۋر پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ رابىيە-سەئىدىن پاجىئەسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتىدۇ، ھەتتا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بەزى رەھبىرىي كادىرلارمۇ ئەينى دەۋرگە ئوخشاپ كېتىدىغان پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ تۈپ مەنبەسى زادى قەيەردە؟

ئېنىقكى، ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەر گەرچە ئۆزىنى ھازىرقى دەۋرنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىسىمۇ، لېكىن شۆھرەت- ئابروي قوغلىشىپ، ئىدىيە جەھەتتە ھازىرقى زامان فېئوداللىق ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ مۇھەببەت - تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەل، ئابروي مۇناسىۋەت دائىرىسىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى فېئوداللىق قاراشنى پەرزەنتلىرىگە مەجبۇرىي تاڭماقتا. ئالايلى، مەلۇم بىر ئورۇندا ئىشلەيدىغان بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ قىزى بىلەن ئادەتتىكى بىر دېھقاننىڭ ئوغلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەببەتلىشىپ ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ مۇھەببىتىنى ئىزچىل قەدىرلەپ كەلگەن. قىز-يىگىتنىڭ رازىلىقى بىلەن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچىلىككە بارغان. قىز تەرەپ بۇنىڭدىن تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلغان، بۇ ئىشنى بىزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ ئويلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن. قىز ئاتا-ئانىسىغا ئۇ يىگىتنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى قانچە رەت ئېيتقان بولسىمۇ، يىگىتنى بىزنىڭ سالاھىيىتىمىزگە باپ كەلمەيدۇ، دەپ قىزنى يەنە بىر



باشلىقنىڭ ئوغلىغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلغان. يەنە مەلۇم بىر ئورۇندا مەلۇم دەرىجىلىك بىر كادىرنىڭ قىزى بىلەن ئادەتتىكى بىر كادىرنىڭ ئوغلى خىزمەت جەريانىدا ئۆزئارا تونۇشۇپ مۇھەببەتلەشكەن ۋە تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان. لېكىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا بار كۈچى بىلەن قارشى چىققان. ئارزۇ- ئارمانلىرىغا يېتەلىشكە يەتمىگەن قىز-يىگىت ئاتا-ئانىلىرىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتكەن. يەنە مەلۇم بىر ئورۇندا، بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ سىڭلىسى بىر ئىشچى بىلەن توي قىلماقچى بولغان. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان رەھبىرىي كادىر سىڭلىسىنىڭ توينى قەتئىي توسقان. لېكىن سىڭلىسى ئۆزى تاپقان يىگىتنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى رەھبىرىي كادىر بۇنىڭغا قارشى چىققان، ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن قىز زەھەرلىك دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمەل دەرىجىسى بويىچە قۇدىلىشىش شاملى كۈنسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلار، تۇرمۇشتا بىرلىككە كېلەلمەي ۋەقە سادىر قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتا-ئانىلارنىڭ زورلىشى بىلەن توي قىلغانلار ئىكەن.

ياشلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىۋېلىش، تۇرمۇش ئىشىدا نام، ئابروي، مەنسەپ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش ئەمەس. ئۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى چىرىكلىكنىڭ، ھەشەمەتچىلىكنىڭ، ئابرويپەرەسلىكنىڭ ئىپادىسى.

پەرزەنتلەرنىڭ توي ئىشىنى ئەلۋەتتە ئاتا-ئانىلار بىر تەرەپ قىلىدۇ، لېكىن يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت مەۋجۇتمۇ ئەمەسمۇ؟ تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن بەختلىك بولالامدۇ-يوق؟ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانماي، ئەمەل دەرىجىسىنى ئاساس قىلسا، بۇنداق توي مۇقەررەركى، قىز-يىگىتلەرگە بەخت ئەمەس بەلكى پاجىئە ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بىر قانچە ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا رازى بولغان بولسا، بەزى پاجىئەلەرنىڭ چىقىشىنى توسۇپ قالغىلى بولاتتى.

ھازىر بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا پۇللا بار، ئۇلار پۇل ئالدىدا گاڭگىراپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمەل بولسا پۇل بولىدۇ، پۇل بولسا ئەمەل بولىدۇ، دەيدىغان خاھىش باش كۆتۈرۈپ قالدى. شۇڭا ھەممە مۇناسىۋەتنى پۇل، ئەمەل ئۈستىگە قويۇشتەك ئاڭ بىزدە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىۋالدى. بۇ بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا پۇل، ئەمەل، مەنسەپ بىزگە مەڭگۈ باقىۋەندە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بەختىنى پۇل، ئەمەل بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇۋېلىش تولىمۇ بىمەنىلىك. بىز سوتسىيالىستىك ئاڭ بىلەن تەربىيىلەنگەن ئىكەنمىز، بۈگۈنكى كۈندە فېئودالىزم جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن «رابىيە-سەئىدىن» پاجىئەسى قايتا تەكرارلانماسلىقى كېرەك. بىزدە سوتسىيالىستىك ئەخلاق، تۇرمۇش قارىشى بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا مۇقەررەر ھالدا پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى بەختىنى نابۇت قىلىۋېتىمىز.

مەنىۋى - مەدەنىيەت يارىتىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن جەمئىيەت بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت نەزەرى بىلەن قارىشى لازىم.

(04)

# تۇرمۇشتا ھە دېسلا ئۆزىمىزنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇۋېرەيلى

★ تۇرسۇن شەمشى ★

جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشنى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بەزىلەر تولۇق قاملاشمىغان نۇقتىسىنەزەر ياكى بىھۇدە خىياللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى بەختلىك تۇرمۇشىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

بەزىلەر رېئال تۇرمۇشتا ئۆزىنى ھەمىشە باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ رېئاللىقىغا تەن بەرگۈسى كەلمەي، ھە دېسلا ئاھ ئۇرۇپ يۈرۈيدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان باش ئاغرىقلىرى، كۆڭۈلسىزلىك ۋە بەختسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتە ھەممە ئادەمنىڭ 9 ى تەل، ھەممە كىشىلەر باپباراۋەر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ خىل قانۇنىيىتىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۆزىنى ھەمىشە باشقىلار بىلەن بىھۇدە سېلىشتۇرۇپ ئۆز تۇرمۇشىدىكى خۇشاللىق، تىنچلىقتىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۇ توي قىلغان يىلى ئىدارىسىدە بوش ئۆي بولمىغانلىقتىن، شەخسلەرنىڭ ئادەتتىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى خېلى يۇقىرى باھادا ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۆي شارائىتى ناچارراق بولسىمۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ناھايىتى ئىناق بولۇپ، تۇرمۇشنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار ئىدارىسىنىڭ بىر يۈرۈش ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىشتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دوستۇمنىڭ ئايالى ئېرىگە ھەم باشقىلارغا «پالانى 3 ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل، پوكۇنىنىڭ ئېرىنىڭ بىگىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە نېمە دېسە شۇ بار، ئىست، ھاياتىم مۇشۇنداق غورۇبەتچىلىكتە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن نېمە دېگەن تەلەيسىز-ھە!» دەپ ئاھ ئۇرۇپ قاقشاپ بېرىدىغان بولغان. نەتىجىدە، بۇنداق سېلىشتۇرۇش داۋاملىشىۋېرىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاجرىشىش بىلەن ئاياغلاشقان.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھازىر ئالىي دەرىجىلىك زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭغا ئارىمىزدىكى ئاز سانلىق كىشىلەر ئاۋۋال ئېرىشەلەيدۇ. ئادەتتىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىدىكى كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ئۆزلىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ كېتىشىنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

تۇرمۇشتا خۇشال-خۇرام ئۆتەيلى دېسەك، «چوقۇم 9 ى تەل بولسا» دېگەن خىيالدا بولمايلى. ئىنسانلارنىڭ ھەممە نەرسىگە ئېرىشىش ئارزۇسى ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇ خىيالدا بولىدىكەنسىز، سىز قۇرۇق خىيالنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قېلىپ، تۇرمۇش سىزگە ئەھمىيەتسىز تۇيۇلىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالمايسىز-دە، تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. (07)



تۇرمۇش سىلىھەتچىسى
گېزىتى
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قوشۇمچىسى

1998 - يىل
ئىيۇن
(ئومۇمىي
114 - سان)

## يۈرەك سانجىقنى داۋالاشتا

يۈرەك سانجىقى قوزغالغاندا، بېنىدا دورا بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ دوختۇرغا بېرىش، ئەلۋەتتە، ياخشى ئۇسۇل. بىراق، بۇ چاغدا ئىچكى پەللىنى توغرا ئۇۋۇلاپ بەرسە، كېسەل ئەھۋالى تېز ياخشىلىنىدۇ.

ئىچكى پەللە بېغىشتىكى ھالقىسمان سىزىقتىن 6 سانتىمېتر يۇقىرىسىدىكى ئىككى مۇسكۇل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. باش بارماق بىلەن پەللىنى كۈچەپ ئۇۋۇلاش بىلەن بىرگە بىلەك مۇسكۇلىنى مىنۇتىغا تەخمىنەن 100 قېتىمدىن تېز يۆنىلىش بويىچە سىرىپ بەرسە بولىدۇ. پەللىنى توغرا ئۇۋۇلىسا، كۈچ نورمال بولسىلا، بىماردا تېلىش ۋە كۆپۈش سېزىمى كۆرۈنۈپ، تەخمىنەن 30 سېكۇنتتا ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. (02)

(پەرىدە تۇردى. ت)

## كەرەپشىنىڭ شىپالىق رولى

1) 3 سەر كەرەپشىنى قاينىتىپ ئىچكۈزۈلسە كىچىك بالىنىڭ قۇسۇشىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

2) 2 سەر كەرەپشە يىلتىزىنى قاينىتىپ ئىچسە، يۇقىرى قان بېسىمى، ئۇيقۇسىزلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارغا ئۈنۈمى بولىدۇ.

3) 0.5 kg كەرەپشىنىڭ يوپۇرقىنى دۇملەپ يېسە ياكى قاينىتىپ ئىچسە، دىئابېت كېسىلى بارلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

4) كەرەپشىنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىنى پاكىز يۇيۇپ، ئاز مىقداردا ئاش تۇزى سېلىپ، دۇملەپ، ئەتىگەن سائەت 5 تە ۋە كەچ سائەت 7 دە بىر ئىستاكاندىن 5 كۈن داۋاملىق ئىچىپ بەرسە، كۆك يۆتەلنى داۋالايدۇ. (02)

(پەرىدە تۇردى. ت)

## ناۋات بىلەن سامساق

20 چىش سامساقنى قىزغاقنىڭ يېنى بىلەن ئۇرۇپ، قاچىغا سېلىپ، 10 گرام ناۋات قوشۇپ 100 مىللىمېتىر سۇغا چىلاپ، ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن، ئۇدا 3 كۈن ئىچىپ بەرسە، زۇكامدىن كېلىپ چىققان يۆتەلنى توختىتىدۇ.

ناۋات ئورنىدا شېكەر ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بىراق ئۈنۈمى سۇ سىراق بولىدۇ. (02)

(پەرىدە قاۋۇز. ت)



## تۇرمۇش ساۋاتلىرى

△ ئۆي ئىچىگە ئازراق ساپ ئاچچىقسۇ چېچىپ ...
ئاشخانا ئۆينىڭ ئۈستەللىرىگە سۇگپىياز قويۇپ قو...
كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

△ كارىۋات ئاستىغا بىر نەچچە تال چىلانغان ...
قويۇلسا، چۇشىنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

△ يېڭى ئالغان يۇمشاق باسنۇشكىنى تۇز سې...
سائەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن، قۇرۇتۇپ كىيسە ...
ھەم ئۇپرىمايدۇ.

△ قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈمنى %15 لىك تۇز سې...
چىلاپ قويۇپ، ئېتىلىپ خالتىسىغا سېلىپ ھەم ئېتىپ ...
ساقلىسىمۇ، ئەسلىدىكى رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ئۆز...

△ ياغيۇنى سېۋەتكە سېلىپ، ئۈستىگە بىر ...
قوم سېپىپ، سالقىن، قۇرۇق جايغا قويۇپ قو...
چىقمايدىكەن. (02)

(پەرىدە ...)

## كۈجىنى ئاز يېقىلىڭ

تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا: كۈجە ياققاندىن كې...
ئەتراپىدا كۈلى قالىدۇ. قالغان ماددىلار مىكرو دانى...
ھاۋاغا تارقىلىپ كېتىدۇ. بۇ مىكرو دانچىلار ئىنتايىن ...
ھەممىسى كىشلەرنىڭ نەپەس يولى ئارقىلىق كاناي ...
كېتىدۇ، دېيىلگەن. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، كۈ...
تەركىبى ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى، ئۇنىڭ ...
دېمىتىل، بېنزول قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى فېنى...
خاراكتېرىدىكى قان ئازلىقنى، ھەتتا ئاق قان كېسە...
ئۇنىڭدىن باشقا كۈجە كۆيگەندىن كېيىن يەنە قو...
خروم قاتارلىق ئېغىر مېتاللارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ...
مەلۇم دەرىجىدە زىيىنى بار.

«كۈجە كېسىلى» دىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىمـ...
ياخشىلىرىنى تالالاش، ئۆي ئىچىگە ھەددىدىن ...
يېقىۋەتمەسلىك لازىم. ئادەتتە 14 ـ 16 كۋادرات مېت...
بىر قاپ ياقسا مۇۋاپىق كېلىدۇ. (02)

(نە...

## كالتسي ۋە بۆرەككە تاش چۈشۈش

ئامېرىكا ئىچكى كېسەللىكلەر ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر دوكلاتتا كـالتسىينى كۆپ قوبۇل قىلغان ئاياللاردا بۆرەك تېشى پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى ئاز بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى دوختۇرلارنىڭ بۆرەك تېشى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارغا بەرگەن مەسلىھەتى بىلەن قارىمۇ قارشى. دوختۇرلار بۆرەك تېشىنىڭ تەركىبىدە كالتسىي بولغاچقا بىمارلار كالتسىي تەركىبى مول بولغان سۈت يېمەكلىكلىرىنى ئاز ئىستېمال قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

لېكىن خارۋارت مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى 34 ــ 59 ياشقىچە بولغان 91 مىڭ 731 نەپەر ئايالنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئەھۋالىنى تـەكشـۈرگـەنـدىـن كېيىن، سۈت يېمەكلىكلىرىنى كۆپ ئىستېمال قـىلىدىغان ئاياللاردا بۆرەك تېشىنىڭ پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ ئاز بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۆرەك تېشىنىڭ شەكىللىنىشى يېمەكلىكلەر تەركىبىدىكى تۇز ئۇكسالات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. كالتسىي بولسا ئادەم بەدىنىنىڭ تۇز ئۇكسالاتنى سۈمۈرۈش مىقدارى ئاز بولىدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلار بۆرەك تېشى بىلەن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ تـەركـىبـىـدە كالتسىي بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلىمەسلىك كېرەك، دەپ قارىغان.

ئاياللار ئارىسىدا بۆرەك تېشى بىلەن ئاغرىغۇچىلار تەخمىنەن % 5 نـى، ئەرلەر ئارىسىدا بۆرەك تېشى بىلەن ئاغرىغۇچىلار % 12 نى تەشكىل قىلىدىكەن. (02)

(ئىجاد جامالىدىن.ت)

## ئىچىملىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى

Coca - Cla تەركىبىدە كوففېيىن مىقدارى بىر قەدەر يۇقىرى. ئۇنىڭ قـىـمـمـىتى ئوخشاش ئېغىرلىقتىكى قەھۋەنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ.

سۈت. بارلىق ئىچىملىكلەر ئىچىدە ئوزۇقلۇق قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بـولغان بىر خىل ئىچىملىك. تەركىبىدە مول ئاقسىل، مىنېرال ماددىلار ۋە ۋىتامىن قاتارلىقلار بار.

ساپ مېۋە شىرنىسى. ئىـسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى ئەمەس. ئوزۇقلۇق تـەركىبى بىر قەدەر مول، ئېغىرلىقى ياخشى. ئاپېلسىن پوستىنى مىسال قىلساق ئۇنىڭ تەركىبىدە كالتسىي، كالىي، شېكەر قاتارلىقلار ھەممىدە كۆپ خىل ۋىتامىن بار.

پىۋا. ئېچىتىلغان ئىچىملىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدا ۋىتامىن B ۋە ئامىياك كىسلاتاسى قاتارلىق ئوزۇقلۇق تەركىبلەر بولغاندىن سىرت تەركىبىدە يەنە بەلگىلىك شېكەر تۈرىدىكىلەر ۋە ئىسپىرت قاتارلىقلار بار. ئىـسـسـىقلىـق مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا كۆپ ئىچسە ئادەمنى ئاسانلا سەمرىتىۋېتىدۇ.

گازلىق سۇ. تەركىبىدە ۋىتامىن يوق، شۇنداقلا مىنېرال ماددىلار يۇقىرى دېيەرلىك. ئاساسلىق تەركىبى شېكەر، گېرمېنت، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە كاربون كىسلاتاسى قاتارلىقلار. تەركىبىدە ئىـسسىقلىق مىقدارى يۇقىرى بولغاندىن باشقا ھېچقانداق ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق.

قـەھۋە. نـۇرغـۇن كـىشىلەر ئۇنىڭ تەركىبىدە كوففېيىندىن باشقا ئىـسسىقلىق مىقدارى يوق دېيەرلىك، دەپ چەتكە قاقىسمۇ لېكىن تەركىبىدە كالتسىي ۋە ماگنىي قاتارلىق مىنېرال ماددىلار بار. ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئوزۇقلۇق قىممىتى يوق ئىچىملىك ئەمەس. (02)

(قەييۇم ئابدۇللا. ت)

## داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان...

داتلاشماس پولاتتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلارنى ئىشلەتكەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم.

1. ئـۇزاق مۇددەت ياغ، تۇز، جىياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ۋە شورپا قاتارلىقلارنى ساقلىماسلىق لازىم. چۈنكى بۇ خىل يېمەكلىكلەر تەركىبىدە ئېلېكترولىت بولۇپ ئـۇزاق مـۇددەت ساقلىغاندا داتلاشماس پولات ئېلېكترولىت بىلەن ئېلېكتر خىمىيىلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ زەھەرلىك ئېلېمېنت ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

2. جۇڭگوچە دورىلارنى قايناتماسلىق لازىم. ئىـسسىقلىقنىڭ رولى ئاستىدا جـۇڭگـوچە دورىلاردىكى بىئولوگىيىلىك، ئىشقارلىق، ئورگانىك كىسلاتالىق تـەركىبلەر بىلەن داتلاشماس پولات خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىشىپ دورىلىق ئۈنۈمىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ داۋالاش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

3. گازىر، قارىغاي ئۇرۇقى، كاشتان قاتارلىقلارنى قورۇماسلىق لازىم. بۇ خىل يېمەكلىكلەر تەركىبىدىمۇ بىئولوگىيىلىك ئىشقارلىق ئورگانىك كىسلاتا بولۇپ خىمىيىلىك رېئاكسىيە ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى پەيدا قىلىدۇ.

4. كۈچلۈك ئىشقارلىق ياكى كۈچلۈك ئوكسىدلىق خىمىيىلىك دورىلار بىلەن يۇيماسلىق لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ئېلېكترو خىمىيىلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ داتلاشماس پولاتنىڭ پارقىراقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

5. مويلىرى قاتتىق چوتكا بىلەن چوتكىلاپ يۇيماسلىق لازىم. مويى قاتتىق چوتكا ئۇنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى پارقىراقتىن ساقلىنىش پەردىسى ناھايىتى ئوڭاي زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئىچكى قەۋىتى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. (02)

(قەييۇم ئابدۇللا. ت)



ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدى-
غان ئادەم خاتالىق قىلمايدۇ. — لېنىن

## ھېكمەت

ياخشى تەربىيىلەنگەن بالا، ھالال
مېھنىتىڭ بىلەن قولغا كەلگەن بايلىق
ۋە مەرتىۋە، خۇش-خۇي-
ۋە ئەخلاقلىق ئايالىڭ —
ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك نەرسە دۇنيا
بازىرى تىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

ھۆسنخەتلەرنى ... شاھيار يازغان

## ھايات ھەققىدە

ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك
نەرسە ھايات. ئۇ ئادەمگە پەقەت
بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھاياتنى
شۇنداق ئۆتكۈزۈش كېرەككى،
ئۆتمۈشنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ،
كەتكەنلىكىگە پۇشايمان يەپ
ئولتۇرمىسۇن. ياشلىقنى مەنسىز
ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئاغرىنمىسۇن.

— «پولات قانداق تاۋلاندى» دىن



تىلىڭدىن ھەرۋاقىت
خەلق سەندىن خۇشتار
بولىدىغان چىرايلىق
سۆزلەرنى چىقارغىن.

شاھيار



دۇنيانى سوراش ئۈچۈن
يۈرەك ۋە بىلىم كېرەك

# چۈمۈلىگە يەم بولغان سەرخىل قوشۇن

★ لىيۇ جۈن ★

2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ مەشھۇر قوماندانى، «قۇملۇق تۈلكىسى» دەپ نام ئالغان گېنېرال رومېل مارشال مونتگومېرى باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە قوشۇنى تەرىپىدىن قايتا - قايتا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، پايدىسىز ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، گېرمانىيىنىڭ خىللانغان بىر قىسمىنى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئافرىقا ئىپتىدائىي ئورمانلىقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆتۈشكە ئەۋەتىدۇ.

سىم گىتلېرنىڭ ھەقىقىي ئەسەبىي چوقۇنغۇچىسى شۇنداقلا رومېلنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممىگە جۈرئەتلىك، ھىيلە - مىكىرگە باي، غالىب گېنېرال ئىدى. رومېل خىللانغان بىر قوشۇننى ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سېپىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلغاندا، شتابىدىكى بارلىق خادىم قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. ئەمما سىم ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە مۇتلەق ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ ئىلساسلىرىنى بىرمۇ بىر رەت قىلىپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىشقا ئىلتىماس قىلىدۇ. تولۇق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن ئەتراپلىق شەرتلەر بىلەن تاللانغان 1800 نەپەر جەڭچىنى باشلاپ، ئىپتىدائىي ئورمانلىققا يول ئالدۇ.



......

3 كۈن جەريانىدا نەچچە ئون جەڭچى يېشىل يىلان، بىرتقۇچ ھايۋانلار تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغان ياكى يارىلاندۇرۇلغاندىن سىرت ھېچقانچە زور زىيان كۆرۈلمەيدۇ.

شۇ كۈنى سىم تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ. قاتتىق تەشكىلچانلىققا ئىگە، ھېچقانداق توسالغۇغا مىت قىلىپ قويمايدىغان ناھايىتى زور چۈمۈلىلەر قوشۇنىنىڭ شىنا شەكلىدە سەپ تارتىپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن سىمغۇ بىخەۋەر، ئەسكەرلەرمۇ خەۋەرسىز ئىدى. ئىشچى چۈمۈلىلەر شىنا شەكىللىك سەپنىڭ ئالدىنقى قاتار ئاۋانگارتلىرى بولۇپ، ئەسكەر چۈمۈلىلەر ئاساسىي قوشۇن، چۈمۈلە پادىشاھى قوشۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىدۇ. قوشۇننىڭ ئىككى قانىتى (پادىشاھنىڭ ئىككى تەرىپى) يېتىلگەن گۆشخور چۈمۈلىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاجىز، ئۇششاق، ئوزۇق قېرىلىرى قوشۇننىڭ ئەڭ كەينىدە بولىدۇ. ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق مۇستەھكەم، قاتتىق سەپ تۈزۈلمىسى بىلەن ئۇزۇن يول بېسىپ سىمنىڭ قوشۇنىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر قوشۇن تۇرالغۇسىنىڭ سول تەرىپىدە قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرنىڭ مىسلىسىز پاجىئەگە يولۇققاندەك ۋەھىمىلىك چىرقىرىۋېتىشى بولىدۇ.

خەۋەرچى توماس ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىدۇ. توماسنىڭ ئادەتتە پارقىراپ تۇرىدىغان قىپقىزىل يۈزلىرى شۇتاپتا تاتىرىپ كەتكەن، ئاغزى ۋە بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن، ئىشقىلىپ ئادەم چىرايى قالمىغانىدى. بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالماي ھاسىرىغانچە ئالاقزادىلىك بىلەن ئارقا تەرەپنى توختىماي ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.

سېم توماسنىڭ كەينى تەرىپىگە قاراپلا، قورققىنىدىن ئاغزىنى شىددەت بىلەن يوغان ئاچىدۇ - يۇ، قايتا يۇمالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان پۈتكۈل يەرنى قاپلىغان قوڭغۇرەڭ چۈمۈلىلەردىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ.

چۈمۈلىلەر توپى سېم ئىنكاس قايتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگۈدەك سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، سېمغا 7 ـ 8 مېتىرچىلا قالىدۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە توماسنىڭ ئۈستىبېشىغا يامىشىپ چىقىپ بولىدۇ. توماس ئارقا - ئارقىدىن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يىقىلىدۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى بىر دەمدىلا كۆمۈۋېتىدۇ. سېم 1800 نەپەر ئەسكىرىدىن قانچىسىنىڭ چۈمۈلىگە يەم بولۇپ، قانچىسىنىڭ قالغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز قالىدۇ. بىراق شۇتاپتا پۈتقا تايىنىشنىڭ كاللا ئىشلىتىشتىن تېخىمۇ ئاقلانىلىك ئىكەنلىكى سېمغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتى ۋە سالاپىتىنىمۇ بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ۋارقىرىغىنىچە بۇرۇلۇپلا بەدەر قاچىدۇ ...

چۈمۈلىلەر توپى بەئەينى بىپايان سېلىنچىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ، شىلدىر - شىلدىر ئاۋاز چىقىرىپ ناھايىتى تېزلا يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. سېم ئالدىدىكى كۆلگە بىراقلا سەكرەيدۇ. ھەش - بەش دېگۈچە كۆلنىڭ ئەتراپىدا چۈمۈلە قىملاپ كېتىدۇ. ئاز بىر قىسىم چۈمۈلە سىناپ كۆلگە چۈشۈپ بېقىپ سۇغا چۆكۈپ كېتىدۇ. سېم كۆكرىكىگە كېلىدىغان كۆل سۈيىدە قەددىنى كېرىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتىدۇ - دە، تۇساتتىن، چۈمۈلىنىڭ سۇدىن قورقىدىغانلىقىنى پەملىۋالىدۇ. سېم خەتەردىن ۋاقىتنچە قۇتۇلۇپ قالىدۇ - يۇ، ئەسكەرلەر گازارمىسىغا كۆز تاشلايدۇ. كۆز يېتىدىغانلىكى جاينىڭ ھەممىسىلا قوڭغۇرەڭ چۈمۈلىلەر بىلەن قاپلانغان. خۇددى پۈتكۈل تەبىئەتتە ئاشۇ قوڭغۇرەڭدىن باشقا رەڭ، ئاشۇ مىژىلداپ تۇرغان چۈمۈلىلەردىن باشقا ھاياتلىق قالمىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. ھەيۋەتلىك، بىپايان چۈمۈلىلەر پادىشاھلىقى ئارىسىدا نەچچە يۈزدەك ئەسكەر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھايات قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازى ۋە ئاندا - ساندا پارتلاۋاتقان بومبا ئاۋازى يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ كۆرۈنۈشكە ھېچقانداق باشقىچە تۈس ئاتا قىلالمايۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا سېم يېقىنلا بىر جايدا ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نىجىس چۈمۈلىلەرگە قارىتىپ ئوت پۈركۈگۈچلەردىن غەزەپ بىلەن ئوت پۈركۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بىپايان چۈمۈلىلەر توپىنىڭ ئۇيەر - بۇيەردىكى چەكلىك دائىرىدە كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى مىليونلاپ - مىليونلاپ چۈمۈلىلەرنى پاراسلىتىپ كۆيدۈرۈۋېتىپ باراتتى. كۆيگەن چۈمۈلىلەردىن تارقىغان قويۇق سېسىق پۇراق نەچچە يۈز مېتىر نېرىدىكى سېمنىڭ كۆڭلىنى ئايىنتىۋېتىدۇ. بىر جۈگۈبي ئۆز قوماندانىنىڭ بىچارىلەرچە كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغانچە ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئوت پۈركۈگۈچتە ئوت ئېچىپ چۈمۈلىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتىدۇ ۋە ھەممىسى سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ يەلپۈگۈچ شەكلىدە سەپ تۈزۈپ سېمنى قوغدايدۇ. چۈمۈلىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىدىنلا يەنە يوپۇرلۇپ كېلىدۇ ۋە كۆل ئەتراپىدا تۇرۇپ قالغان شېرىكلىرىگە قوشۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سېمنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن كەيپىياتى سەل

بوشاپ، پەرۋەردىگارىدىن مۇشۇكۆل سۈيىنى چۈمۈللەر ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆتەلمەيدىغان بىر خاسىيەتلىك توساق قىلىۋېتىشىنى تىلىسىمۇ، مۇشۇنداق روبىرو تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ھەم ئەقلىمۇ يەتمەيدۇ.

سىمىنىڭ كۆزلىرى ئۈشتۈمتۇت پارقىراپ، چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدۇ، چۈنكى ئۇ چۈمۈللەرنىڭ كۆل ئەتراپىدا بارغانچە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى، توپ ـ توپتىن مۈنەكلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ مۈنەكلەرنىڭ بارغانسىرى يوغىناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كۆل يۈزىدە مىڭلىغان چۈمۈلە مۈنەكلىرى پەيدا بولدۇ ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن سۇغا دومىلاپ چۈشۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ لەيلەپ ماڭدۇ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كۆل يۈزى چۈمۈلە مۈنەكلىرى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. مۈنەكلەر ناھايىتى چىڭ تۈگۈلگەن بولۇپ، سىرتقى يۈزىدىكى چۈمۈللەر مۈنەكتىن ئاجراپ سۇغا چۈشۈپ ھالاك بولۇپ تۇرسىمۇ قالغانلىرى توختاۋسىز تۈردە ئۈزۈپ كېلىۋېرىدۇ.

سىمىنىڭ ئەتراپىدىكى قوغدىغۇچىلار ئىسىگە كېلىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ، ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغان چۈمۈلە مۈنەكلىرىگە ئوت ئاچىدۇ. شۇئان لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يالقۇن سانسىزلىغان چۈمۈلە مۈنەكلىرىنى پاراسلىتىپ كۆيدۈرۈپ، كۆل يۈزىنى قاپلايدۇ. ئىنسانلار ئىختىرا قىلغان شىددەتلىك ئوت قورالى ئالدىدا چۈمۈللەرنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىقتىدارسىزلىقى ئايان بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئاجىزلىق ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

قەيسەر ۋە ۋەھشىي، ئۆز يولىدىن قايتمايدىغان چۈمۈلە مۈنەكلىرى ئالدىدا سىم ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئامالى قالمايدۇ.

چوڭ ـ كىچىك چۈمۈلە مۈنەكلىرى ئادەملەرگە قاراپ لەيلەپ كېلىۋېرىدۇ ۋە يېقىن كېلىپلا تارقىلىدۇ. ئاز بىر قىسىم چۈمۈلە سۇغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، قالغانلىرى ئادەملەرگە يامىشىپ چىقىپ، زەھەرلىك تاڭلايلىرى بىلەن قول، كۆكرەك، بويۇن، يۈز ... قاتارلىق جايلارنى چاقىدۇ، چۈمۈلە كىسلاتاسى ۋە چۈمۈلە زەھىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارايدۇ ...

ئاچچىق، ئېچىنىشلىق چىرقىراشلاردىن كېيىن ھەممە ياق جىمىپ كېتىدۇ سىم چۆكۈپ كېتىدۇ. ئۇنى قوغداپ تۇرغان ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن يوقىلىدۇ. قانچە زامانلاردىن بېرى تىپتىنچ تۇرغان كۆل سۈيى بىر پەس چايقىلىپ قويۇپ يەنە ئەسلىدىكى تىنچ ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەمما زۇمرەتتەك يېشىل سۇ يۈزىنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يېرىدە جان تالىشىپ قىمىرلاۋاتقان توپ ـ توپ چۈمۈللەرلا قالدۇ ...

رومىيىل ئۆزىنىڭ ئامراق قوماندانىدىن ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىغاندىن كېيىن يەنە بىر قوشۇننى ئورمانلىققا ئەۋەتىدۇ. ئەۋەتىلگەن قوشۇن ئاخىر ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدىكى نامسىز بىر كۆل بويىدا ھەيرانلىق بىلەن ئېچىنىشلىق بىر مەنزىرىنى كۆرىدۇ: كۆلنىڭ غەربىدىكى تەخمىنەن 3 ـ 4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىدە پارچىلىنىپ كەتكەن ياكى پۈتۈن پېتى قالغان ئىسكىلىتلار ئۇچرايدۇ. ئىسكىلىتلاردا مۇسكۇل، تېرە، چاچ ـ ساقال ئومۇمەن تالالىق ۋە ئاقسىللىق نەرسىلەردىن ھېچقانداقى قالمىغاندى. ئىسكىلىتلارنىڭ يېنىدا بولسا قورال ـ ياراق، قول سائىتى، مېتال تۈگمە، كۆزەينەك قاتارلىق بۇيۇملار شۇ پېتى تۇراتتى. بۇلارنى يىغىپ ئىسكىلىت سانى بويىچە ھېسابلاپ كۆرگەندە جەمئىي 1764 بولۇپ، يولغا چىققىنى 1801 ئادەم 37 ئادەمنىڭ ئىز ـ دېرىكى قالمىغان. نەق مەيداندىن ئۇلار يەنە گەۋدىسى ناھايىتى زور بىر قىسىم ئۆلۈك چۈمۈللەرنىمۇ يىغىۋالدۇ.

(02)

(داۋۇت ساۋۇت . ت) (ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى)

### ئەنسىرىمە

بىر كىشى هاراق ئىچىۋالسىلا ئايالىنى ئۇرىدىكەن. بىر ئاخشىمى ئۇ يەنە ئايالىنى ئۇرغانىكەن، ئايالى ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ دەرەخلىككە كىرىۋاپتۇ ۋە: «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپتۇ. ئېرى يېتىپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ-دە:

– قورقما خوتۇن، بۇ يەردە مەن بار، – دەپتۇ.

### قەبرە سۆزى

بىچارە ئەر ئاخىرى جاۋۇلداق خوتۇنىدىن قۇتۇلۇپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىپتۇ.

## كۈلكە دۇنياسى

ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئايالى زېرىككىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئېرىنىڭ سوغۇرتا پۇلىنىڭ بىر قىسمىغا قەبرە تېشى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يازدۇرۇپ قويۇپتۇ:

«سەن تىنچلىققا ئېرىشتىڭ، بىراق بۇ تىنچلىق بىز ئۇچرىشىدىغان كۈنگىچىلا داۋام قىلالايدۇ!»

### ئەمەلىي مىسال

ئەر: ھەممە ئادەمدە ۋىجدان بولىدۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىۋالغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلمايدىغان ئادەم يوق.

ئايال: ئۇنداق بولسا، سەن مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئوغرىلىۋالغان، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

ئەر: مەنمۇ دەل مۇشۇ ئىشنى دەۋاتىمەن.

### ئۆزگىرىش

خوجايىن: ئادەم دېگەن بەك غەلىتە! كىچىككىدە شوخ، كەپسىز، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەقىللىق، چېچەن بولىدىكەن. قېرىغاندا بولسا ئەكسىچە دەلتە بولۇپ قالىدىكەن.

خىزمەتكار: خوجايىن، سىز كىچىك ۋاقتىڭىزدا چوقۇم جۇشقۇن ھەم ئوماق بولسىڭىز كېرەك-ھە؟!

### ساقايماس كېسەل

كېسەلخانىدا يېتىپ قالغان بىرەيلەننى

## كۈلكە دۇنياسى

دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستى يوقلاپ كىرىپتۇ.

ئاغرىق: قارىغىنا، سېسترانىڭ ماڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، كۆزۈمنى قىسامىلا، ئۇ دەرھال ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەرگىن.

دوستى: ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى سەن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالساڭ، دوختۇرخانىدىن تىرىك چىقالمايسەن.

ئاغرىق: نېمىشقا؟

دوستى: ناھايىتى ئاددىي، ئۇنىڭ بولغۇسى ئېرى سېنىڭ دوختۇرۇڭ.

### ساددىلىق

بالا: ھەدە، يۈزىڭىزگە ئۇپىنى نېمانچە كۆپ سۈرۈۋالدىڭىز؟

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال: چىرايلىق بولۇش ئۈچۈن!

بالا: ىىراق نېمىشقا چىرايلىق بولالمىدىڭىز؟

### دەم ئېلىش ۋاقتى بولماسلىق

– يېقىندىن بۇيان ئالدىراش ئوخشىمامسەن؟

– ئانچە ئەمەس، ىىراق بەزىدە قىينىلىپ قالىمەن.

– نېمىشقا؟

– خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدا يىغىن ئېچىپ دەم ئالغۇدەكمۇ ۋاقىت چىقماي قالىدۇ.

## كۈلكە دۇنياسى

### يالغان چىش

چىش سالدۇرغۇچى چىش ھەققىنىڭ قىممەتلىكى تۈپەيلىدىن دوختۇر بىلەن تاكاللىشىپ قاپتۇ.

– مەن بۇنداق جىق پۇلنى تۆلىيەلمەيمەن، – دەپتۇ چىش سالدۇرغۇچى ۋە ئاچچىقىدا دوختۇرنىڭ بىلىكىنى چىشلىۋاپتۇ. دوختۇر يىغلامسىرىغان ھالدا تىۋلاپ كېتىپتۇ:

– ۋايجان، چىشىم مېنى چىشلىۋالدى!

(قادىر ئارسلان . ت)

### ياخشى قۇلۇپ

خېرىدار: بۇ قۇلۇپ ئىشەنچلىكمۇ؟

پىركازچىك: ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئەپەندىم! خېرىدارلارنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا بەزىدە ئۆزىنىڭ ئەسلى ئاچقۇچىدىمۇ ئېچىلمايدىكەن!

### كوتۇلداش

دوختۇر: ئاۋۇ تەنتەك بىمار نېمە دەپ كوتۇلداۋاتىدۇ؟

سېسترا: ئۇ «مېنى نەس باستى، دورىنى تولۇق يەپ بولالماي تۇرۇپلا كېسىلىم ساقىيىپ كەتتى»، دەيدۇ.

### سوۋغات

بېگى يىل ھارپىسىدا بىر كىشى دوستى ئەۋەتكەن سوۋغاتنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. سوۋغات ئۈستىدە بىر باغاقچە بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

«دوستۇم، گەرچە بۇ قىممەت باھالىق سوۋغات

## كۈلكە دۇنياسى

بولمىسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ بىر يىل ئىشلىتىشىڭىزگە تولۇق يېتىدۇ».

ھېلىقى كىشى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بولاقنى ئېچىپتۇ، قارىسا دوستىنىڭ ئەۋەتكىنى ئەسلىدە بىر كالېندار ئىكەن.

### قۇرىمىغان سىر

باغچىدا بىر مويسىپىت كىشى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇشىغا بىر بالا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قاراپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

– ھەي بالام، سىز نېمىشقا ئوينىغىلى بارماي قاراپ تۇرىسىز، – سوراپتۇ مويسىپىت كىشى.

– بۇ ئۈستەل تېخى ھېلىلا سىرلانغان، مەن سىزنىڭ قوپقاندىكى ھالىتىڭىزنى كۆرۈپ باقاي دەيمەن، – جاۋاب بېرىپتۇ بالا. (08)

(رەيھانگۈل نىزام. ت)

# تەڭگە تەمرەتكىنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورا ـ چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۈملىچى

تەڭگە تەمرەتكىسى قاسراقلىق تەمرەتكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كىلىنىكىلىق داۋالاش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بېنىكرەك كېسەللەرنىڭ تېرىسىدە دۆڭگە ئەسۋە، ئاق تەمرەتكە سويۇلۇپ چۈشۈش، قاتتىق قىچىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ، ئېغىرراق بولغانلىرىدا بەدەن خاراكتېرلىك تېرە سويۇلۇش، يىرىڭداش، شەلۋەرەپ كېتىشتەك ئەھۋاللار ھەتتا ھەرىكەت ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتەك ھادىسىلەر كۆرۈلىدۇ. دوختۇرخانىمىز 37 مىڭدىن ئارتۇق بىمارنى داۋالاش ئاساسىدا، ساپ، تەبىئىي بولغان جۇڭيى دورىسى «چىشەن تەمرەتكە يوقىتىش كۈملىچى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ چىقىپ، تەڭگە تەمرەتكىنى داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەزكۇر دورا بۆرەكنى كۈچلەندۈرۈش، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇپ قېتىۋالغان قانلارنى پارچىلاش، تەمرەتكىنى يوقىتىشتەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تېرە تومۇرلىرىدىكى مىكرو قان ئايلىنىشنى كۈچەيتىدۇ. تېرىدىكى ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان ئىچكى زەھەرنى يوقىتىپ، تەڭگە تەمرەتكىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دورا دۆلەتلىك سەھىيە ئورگىنىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەشپىيات پاتېنت نومۇرى 961003774 غا ئېرىشكەن.

1995 ـ يىلى «جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېبابەت دورىلىرى ۋە ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇملىرى مەھسۇلاتلىرى يەرمەنكىسىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن؛ 1996 ـ يىلى دۆلەت پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «پەن ـ تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسى بويىچە مۇنەۋۋەر تۇر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. بۇ تاتلىق كۈملاچ تېپىدىكى دورا ھەر قېتىمدا 2 تالدىن، كۈنىگە 3 قېتىم ئىچىلىدۇ. 10 يۈەن پىرېۋوت قىلسىڭىز تەپسىلىي ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ ئالالايسىز. مۇراجىئەت قىلماقچى بولغان كېسەللەر دوختۇرخانىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

دوختۇرخانىمىزنىڭ تولۇق ئادرېسى:

● 临猗县银屑病研究所所长， 中医银屑病专家：荆夏敏
● 函诊部主任：谷淑梅
● 地址：中国山西省临猗县南环路47号
● 电话：0359 — 4022900 4024421 4029066 4029123
● 传 真：0359 — 4024420
● 邮编：044100
● 太原专家门诊部地址：佳地花园沁苑楼101号
● 邮编：030006
● 联系人：谷淑慧 主治医师：郭颖珍
● 电话：0351 — 7051798手机：01393412902
● 西安专家门诊部地址：土门丰稿西路29号
● 邮编： 710077
● 联系人：姚建华 主治医师：刘文贞
● 电话：029 — 4244218 4237115
● 手机：139 — 9288831



## گورباچېۋنىڭ بۈگۈنى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن گورباچېۋ خەلقئارا سىياسىي سەھنىدە كۆرۈنمىگىنىگە ئۇدا 5 - 6 يىل بولدى. بۇ، ئۇرنىمۇ يوق، ئەمما سۈرگۈنمۇ قىلىنمىغان سابىق دۆلەت رەھبىرى ھازىر زادى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ «گېرمانىيە» ژۇرنىلى ئۇنىڭ بەزىلەر بىلىدىغان يېڭى ئىشلىرىنى ئاشكارىلىدى.

گورباچېۋ ئاساسلىقى 3 ئىش قىلدى: 1) 500 مىڭ خەتلىك «مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم»نى يازدى. بۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىندى. قەلەم ھەققى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. 2) رەيىقىسى رەئىسەنى ئېلىپ، بىر نەچچە دۆلەتنى ئايلاندى. ھەممە يەردە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ئىسلاھات تەكلىپىنى بازارغا سالدى. غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئورغۇن نوپۇزلۇق ئوبزورچىلار: سېنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ئىسلاھاتىڭ شۇنداق بىر چوڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلىۋەتتى. ھازىر سەن يەنە باشقا دۆلەتلەرنىمۇ پارچىلىۋېتىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپ ئىنتايىن ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلدى. 3) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مەسىلىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە رايونلارنىڭ بىخەتەرلىك سىستېمىسى ھەققىدە تەكلىپلەر بەردى.

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن گورباچېۋ گېرمانىيە ساسېئېد نەشرىياتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەزكۇر نەشرىيات رېداكسىيىسى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇزۇن سۆزلەشتى. بۇنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆۋەندىكىچە: (قىسقارتىلىپ مۇھەررىر — «سا»، گورباچېۋ — «گ» دەپ ئېلىندى)

سا: سىز، ئاتاقلىق دۆلەت ئىشلىرى پائالىيەتچىسى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

گ: ئەلۋەتتە بولىدۇ. بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن مۇرەككەپ، تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلىرى بار. مېنىڭچە، ئاساسلىق سەۋەب 2 تۈرلۈك: 1) تۈزۈلمە مەسىلىسى، 2) ئىقتىسادىي مەسىلە. بىز جۇڭگونىڭ كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمى ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە، گۇرۇھلار سىياسىي جەھەتتە كېڭەشىدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلمىدۇق. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىدە خوجا پارتىيە، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى ۋە چوڭ رۇس مىللەتچىلىكى خېلى ئېغىر ئىدى. مەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقتىمدا بۇنى خېلى

بۇرۇن سەزگەن بولسامۇ، ئەمما ئامال قىلالمىدىم. پۇرسەت پىشىپ يەتكەندە ھەرقايسى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلار بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىدا ئىلگىرىلەش بولمىدى، بولۇپمۇ ئاشلىق بىلەن يېنىك سانائەتتە ئىلگىرىلەش تېخىمۇ بولمىدى. لېنىن دەۋرىدىلا ئامېرىكىدىن كانادانىڭ ئاشلىقى ئىمپورت قىلىناتتى، مانا بۇ ئاتاقلىق «تېرىنى ئاشلىققا تېگىشىش» دېگەن شۇ. ھازىرغا قەدەر روسىيە ئاشلىق ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت. پۇقرالارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، تۇرمۇش قورال - سايمانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېخى ھەل قىلىنمىدى، شۇنداق بولغاچقا تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۈستىدە قانداق سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ ئۇندىن باشقا بىر پارتىيە ۋە سوۋېتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نازارەت قىلىش مېخانىزمى مەسىلىسىمۇ بار.

سا: مەسىلەن ئېيتايلى، سىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى بولۇشنى ئويلامسىز؟

گ: (كۈلكە) مېنىڭدە بۇنداق خىيال يوق. بۇنىڭ قانداق تارقالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. مەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىسلاھات باشلىسا دېيمەن، ئەمما ئۇلار مېنى تېخى قوبۇل قىلىدىغاندەك قىلمايدۇ.

سا: سىز گېرمانىيىنىڭ بىرلىككە كېلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

گ: 1990 - يىلى 2 - ئايدا كول زۆڭلى موسكۋادىكى ۋاقتىدا، رىسكوۋ، شېۋاردنادزى، مەن ۋە باشقىلار بىرلىكتە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشكەندۇق. (تەھرىر ئىلاۋىسى: گورباچېۋ گېرمانىيە زۆڭلىسىنىڭ بۇ قېتىملىق زىيارىتىدە ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ بىر دۆلەتتە ياشاش قارارىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەن) . مەن شۇ ۋاقىتتا، فاشىستلارنىڭ پاجىئەلىك ئويۇنلىرىنى ۋە يۇرتىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خەلق نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزگەندى، شۇڭا خەلقنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىمەن، دېگەنىدىم. مېنىڭچە بىز ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدۇق. دېموكراتىك گېرمانىيە بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان.

سا: سىز گېرمانىيە خەلقىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردىڭىز، شۇڭا بۆلگۈنچىلىك ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى تۈگىدى. 1989 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېرلىندىكى توساق تام ئېلىۋېتىلگەن ئاخشىمى كرېمىل سارىيىدا زادى قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟

گ: ئۇ كۈنى ئاخشىمى كرېمىل سارىيىدا نۆۋەتچىلەردىن باشقا ئادەم سايىسىمۇ قالمىدى. مەن سائەت 22 دە خىزمەتنى تۈگىتىپ، ماشىنام بىلەن شەھەر سىرتىدىكى داچامغا بېرىپ ئۇخلىدىم. ئەتىسى باشقىلار قانداق ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى.

سا: سىز ئەسلىمىڭىزدە، كول زۆڭلى 1989- يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئوتتۇرىغا قويغان «10 نۇقتىلىق پروگرامما»سى ئارقىلىق ئۆزى يالغۇزلا بىرلىككە كېلىش يولىغا قايتىدىن ماڭدى دېدىڭىز، بۇرۇن بۇ ئىش توغرىلىق سىز بىلەن سۆزلەشمىگەنمۇ؟ سىز خاپا بولدىڭىزمۇ؟

گ: بۇ ئىش پەقەت بىر قېتىملا يۈز بەردى. ئەمما مەن سىلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرىڭلار گونتېرنى ئەيىبلەيمەن. ئۇ تېخى بۈگۈنگە قەدەر بۇنى ئۇنتۇماپتۇ، (كۈلكە) . ئۇ مەيلى ئاڭلىسۇن، ئاڭلىمىسۇن مەن ھاياجانلانغان ھالدا: «سىز ئىتتىپاقداش دۆلەت زۆڭلىسىغا مېنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دېيمەن.(04)

(«چەت ئەل ئەدەبىياتى تەرمىلىرى»دىن
نۇر تۇرسۇن . ت)

# ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ بەدەن مەشقى ھەققىدە

★ ئەلئەت تۇردى، گۈزەل روزى ★

ئۇسسۇل - بەدەن ھەرىكىتىنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىشى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ياخشى ئورۇندالغان ھەرقانداق بىر ئۇسسۇل ئىنتايىن پاساھەتلىك نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەت بىرىكمىلىرى ۋە نازاكەتلىك ماھارەت بىلەن گۈزەللىك ھوزۇرىنى بېغىشلايدۇ. لېكىن بۇ خىل مەپتۇن قىلارلىق بەدەن ھەرىكىتىنىڭ جەزبىدارلىقى ھەرگىزمۇ ئاسانغا كەلمەيدۇ، بەلكى ئارتىسلارنىڭ توختاۋسىز، جاپالىق مەشقلىرى (مىللىي خەلق ئۇسسۇللىرى، بەدەن رىتىمى ۋە ماھارىتى دەرسى قاتارلىق ئاساسىي مەشقلەر)نەتىجىسىدە تەدرىجىي مەيدانغا كېلىدۇ. مەشىق جەريانىدا، مەيلى ھەر خىل ھەرىكەت بىرىكمىلىرى بولسۇن ياكى ئايرىم بىر ھەرىكەت بولسۇن، ھەتتا قىياپەتتىكى ئەڭ ئاددىي ئۆزگىرىش بولسۇن، ھەممىسى ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئۈچۈن مۇھىم تېخنىكىلىق ماھارەت مەشقى ھېسابلىنىدۇ.تۆۋەندە بەدەن مەشقى توغرىسىدا توختالماقچىمىز.

**1. كۈچ.** كۈچ ھەرىكەت ئورۇنداشنىڭ ئاساسى. مۇسكۇللارنىڭ قىسقىرىشىدىن كۈچ ھاسىل بولىدۇ، ھەمدە مۇناسىپ بۆلەكلەردىكى سۆڭەكلەرنىڭ مىدىرلىشىدىن ھەرىكەت پەيدا بولىدۇ. ئۇسسۇل ئارتىسلىرى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئوتتۇرا مېڭىنىڭ قوماندانلىقىدا بەدەننىڭ ھەرقايسى مۇسكۇللىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئوخشاش بولمىغان تەرتىپ ۋە كۈچ مىقدارى بويىچە نۆۋەت بىلەن كېڭەيتىپ ۋە تارايتىپ خىلمۇخىل قىياپەت ھەم مۇرەككەپ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كۈچنىڭ ياخشى يامان بولۇشى مۇسكۇلنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى ھەرىكەتچان، تېز، ماسلىششچان بولۇشى، ساغلام، كۈچلۈك، ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ماددا ئالماشتۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. مۇسكۇللارنى يۇقىرىقى تەلەپكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەدەننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىكى مۇسكۇللارغا قارىتا، مەلۇم كۈچەيتىش خاراكتېرلىك كۈچ مەشقلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

**2. ئەۋرىشىمچانلىق.** ئەۋرىشىمچانلىق — ھەرىكەت ئورۇنداش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ كاپالىتى، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى يۇقىرى



ماھارەت ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەۋرىشىمچانلىق — ئۇگە-بوغۇملىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مۇسكۇل، پەي، سىڭىر قاتارلىق يۇمشاق ئەزالارنىڭ سوزۇلۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنى، يۇمشاق ئەزالارنىڭ ئەۋرىشىملىك ۋە ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «يۇمشاقلىق» ئەۋرىشىمچانلىقنىڭ بىر تارمىقى، خالاس. ئەۋرىشىمچانلىقنى ياخشىلاش ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

3. **سەزگۈرلۈك.** سەزگۈرلۈك — مۇرەككەپ ئۆزگىرىشچان خاراكتېرلىك بەدەن ساپاسى بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى تەڭپۇڭلۇق، ماسلىشىشچانلىق، چاققان ئىنكاس قايتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە خىلمۇ خىل ئۆزگىرىشلىك ئۇسسۇل قىياپەتلىرىدىن باشقا، يەنە ھەر خىل بۇرۇلۇش، چۆرگىلەش، سەكرەش، موللاق ئېتىش، ئىگىلىش قاتارلىق ماھارەتلەر بار. مەيلى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاسان-قىيىنلىق دەرىجىسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئارتىس ئۇسسۇل قىياپەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە بەدىنىنى ئايلاندۇرۇش جەريانىدا ئۆز بەدىنىنىڭ ئورنى، نىشانىغا توغرا ھۆكۈم قىلىشى، تېز ۋە چەبدەسلىك بىلەن بەدەن مەركىزىنى تەڭشەپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ھەرىكەتنىڭ ماسلىشىشى، ئىنچىكىلىكى ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. سەزگۈرلۈك مەشىقلىرىنى كۈچەيتىش پۈتۈن بەدەننىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا.

4. **چىداملىق.** چىداملىق - ئۇزۇن مۇددەت جىددىي قاتتىق ھەرىكەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىر خىل ئىقتىدارغا قارىتىلغان. بۇ، ئادەم بەدىنىدىكى يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسى ئىقتىدارىغا باغلىق. ئۇسسۇل ئارتىسلارنىڭ چىداملىق ساپاسىنى تاۋلايدىغان سىناق، كىمكى چىداملىقنى يوقىتىپ، ھارغىنلىق ھېس قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا بەدەننىڭ مەلۇم جايلىرىدا تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش، يۈرەك سوقۇش تېزلەپ كېتىش، نەپەس قىسىلىش، كۈچى ئاجىزلاش، سۈرئەت ئاستىلاش قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھۆكۈم قىلىش، ئىنكاس قايتۇرۇش، چاققانلىق ئىقتىدارىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ، ھەرىكەتنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چىداملىقنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى، ئۇسسۇلنىڭ قېلىپلاشقان مەشىق قائىدىسىنى ئىگىلەشتۇر.

ئىنچىكە كۆزىتىش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياخشى يېتىلگەن بەدەن ساپاسى-سەنئەت ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ماددىي ئاساسى. بەدەن مەشىقلىرىنىڭ ھەر بىر تۈرى ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك مەشغۇلات. ئۇسسۇل مەشىقىنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرغاندىلا ئاندىن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، شۇڭا بەدەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىرادە ۋە قەيسەرلىكنى ئۆلچەيدىغان سىناق.

ئۇسسۇل سەنئىتى - ئادەم بەدىنىنىڭ سەنئەت ئىستىكىنى تاۋلايدىغان بىر پەن. ئادەم بەدىنىدە مەلۇم سەنئەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن قىممەتكە ئىگە سەنئەت ياراتقىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر نەچچە تۈرلۈك بەدەن ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش دەل ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ ئۇسسۇل سەنئەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا. ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، ئاساسىي ماھارەت مەشىقى جەريانىدا ئارتىسلارغا قارىتا بەدەن مەشىقىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈر. (08)

# بەزى ئاتالغۇلار ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

ئۇيغۇر تىلىدا ھازىر بەزى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى تازا جايىدا بولمايۋاتىدۇ. بۇ ئاساسەن خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە، پاساھىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزىتىپ، ئۆز ئىزىغا سېلىش لازىم. مەن بۇ يەردە تىلىمىزدىكى ئادەت سۆزلىرىگە، لوگىكا جەھەتتىن خاتا بولسىمۇ ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن سۆزلەرگە يەنى ئىستېمالدا خاتا ئۇقۇم بەرمەيدىغان سۆزلەرگە تەگمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇ يەردە مەن ئۇيغۇرچە ئىپادىلىنىشى تېخى قېلىپلاشمىغان، تىل ئىستېمالدا كېلەڭسىز ئېلىنىۋاتقان بىر نەچچە سۆز توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. 社 خەنزۇ تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆز قاتارىغا كىرىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم 社 نىڭ باشقا مەنىسى بولماستىن دەل ئۇنىڭ گېزىت - ژۇرنال نامى بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چاغدىكى مەنىسى. ھازىر تىلىمىزدا گېزىت - ژۇرنال ناملىرى بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە 社 سۆزىنى «ئىدارە» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، 新疆日报社 نى «شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى» دەپ ئېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە بۇ يەردە 社 نى «ئىدارە» دەپ ئېلىش گېزىت چىقىرىدىغان بۇ ئورۇننىڭ خاراكتېرىنى دېگەندەك توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا مەن 社 نى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا «نەشرىيات» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. چۈنكى بىز كىتاب ۋە باسما ماتېريال چىقىرىدىغان ئورۇننى «نەشرىيات» دەپ ئاتايمىز. ئەمدى گېزىت- ژۇرنال چىقىرىدىغان ئورگاننى «نەشرىيات» دېسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟ «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى خېلىدىن بېرى 社 نى «نەشرىيات» دەپ ئېلىپ بۇ جەھەتتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى، ئۇلار 语言与翻译杂志社 نى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى نەشرىياتى دەپ ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن مۇشۇنداق قوللىنىشنى تامامەن توغرا دەپ قارايمەن. ئاتالغۇلار كومىتېتى 杂志社 نى «ژۇرنال تەھرىراتى» دەپ بېكىتتى، مەن بۇنىڭغا ئانچە قوشۇلمايمەن. مېنىڭچە 杂志社 نى «ژۇرنال نەشرىياتى»، 编辑部 نى «تەھرىرات» دەپ ئېلىش كېرەك. شۇڭا 新疆日报社 نى «شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى» دېمەستىن «شىنجاڭ گېزىتى نەشرىياتى» دەپ ئېلىشنى تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا 新疆画报社 نى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى نەشرىياتى» 新疆少年报社 نى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى نەشرىياتى»، 工人时报社 نى «ئىشچىلار گېزىتى نەشرىياتى» ... دەپ ئالساق بولۇۋېرىدۇ. قەلەم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇكى، 工人时报 نى «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دەپ ئېلىش ئۆلۈك تەرجىمە قىلىنغانلىق. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا تاق خەت بىر سۆز بولۇپ كەلمەيدۇ، بۇ سۆز بىرىكمىلىرىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇڭا 报 نىڭ ئالدىغا 时 خەنزۇ تىلىنىڭ بوغۇم ئادەت زۆرۈرىيىتىدىن قوشۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن 工人时报 نى بىز جانلىق ھالدا «ئىشچىلار گېزىتى» دەپ ئالساق بولۇۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى «ۋاقىت» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىدا

ھېچقانداق رولى يوق. 亚洲中心时报 نىمۇ «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى» دەپ ئالدۇققۇ. بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 杂志社، 出版社 دېگەنلەرنىمۇ بىردەك «نەشرىيات» دېسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ.

2. 平稳过渡: بۇ سۆز ئېلىمىزنىڭ شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا ھېچقانداق داۋالغۇش بولماي، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ قولىدىن جۇڭگونىڭ قولىغا توسالغۇسىز، ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشكە قارىتىلغان سۆز. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز ئىزچىل تۈردە «سىلىق ئۆتۈش» دەپ ئېلىنىپ كەلدى. مېنىڭچە بۇنداق قوللىنىش بىرىنچىدىن، تىل ئادىتىمىزگە، ئىككىنچىدىن، مەنتىققە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. لوگىكا جەھەتتىن: «بۇ يولدا ماشىنا سىلىق ماڭىدۇ» دېسەك تامامەن چۈشىنىدۇ، لېكىن «شياڭگاڭنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئېلىمىزگە سىلىق ئۆتۈشى» دېگەنگە ئوخشاش جۈملە ياكى بىرىكمىلەردە «سىلىق» نىڭ ئورنىغا «ئوڭۇشلۇق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتسەك ئاڭلاتقان مەنە تولۇق ۋە ئېنىق بولاتتى، تىل ئادىتىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇيغۇرلاردا ئارزۇ قىلغان بىرەر ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگەنلىكىنى «ئوڭۇشلۇق» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەش ئادىتى بار. مەسىلەن، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولماق، ئوڭۇشلۇق يەڭمەك قاتارلىقلار. شۇڭا مەن 平稳过渡 نى؟ «سىلىق ئۆتۈش» دېگەندىن كۆرە «ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش» دەپ ئېلىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

3 摇控器: بۇ تېلېۋىزور قانىلىنى يىراقتىن تىزگىنلەيدىغان ئەسۋابنىڭ نامى. بۇ ئەسۋاب يېڭى شەيئى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمدىلا كىشىلەرگە تونۇلغاندا خەنزۇچە ئاھاڭى بويىچە «ياۋكۇڭچى»، «ياۋكۇڭ» دېگەن شەكىللەر بىلەن ئومۇملىشىپ كەتتى. چۈنكى بىزدە يېڭى بىر شەيئى مەيدانغا كەلسە ئۇنىڭغا دەرھال نام بېرىلمەي ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى ئومۇملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇپ، ئومۇملاشتۇرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيدىغان ئىللەت ناھايىتى ئېغىر. ھازىر تىلىمىزدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېيىن قويۇلغان نۇرغۇن ئىسىملار يەنىلا ئومۇملىشالمايۋاتىدۇ. بۇنداق كېيىن قويۇلغان ئىسىملار ئەدەبىي تىلىمىزدا ئۇيغۇرچە، جانلىق تىلىمىزدا خەنزۇچە (تىلشۇناسلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيالىيلىرىمىزغىچە شۇنداق) قوللىنىلىۋاتىدۇ، تىلشۇناسلىق قانۇنىيىتىدە يېڭى بىر شەيئىگە نىسبەتەن قايسى مىللەتنىڭ تىلىدا ئىسىم قويۇلۇپ شۇ ئالدىدا ئوتتۇرىغا چىقسا شۇ تىلدىكى نام ئومۇملىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى تىل ئالاقە ۋاستىسى، ئۇ كۈتۈپ تۇرمايدۇ. بىزگە ئوخشاش ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەردە تېخىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئامالىمىزنىڭ بارىچە «بازار چاققانىنىڭ» دېگەن تەمسىلىمىزنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلاپ، يېڭى شەيئىلەرگە ۋاقتىدا ئىسىم قويۇپ، ئومۇملاشتۇرساق نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلاردىن ساقلىنىپ قالالايمىز. ئەمما قېلىپلاشتۇرغان ئاتالغۇمىز بىرىنچى، ئىخچام بولۇشى، ئىككىنچى، ئامال بار ئىزاھلىق سۆز ئاز بولۇشى ياكى بولمىغىنى تۈزۈك. چۈنكى بىر تىلدا بىرىككەن سۆزنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس. بۇ تىلنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا پايدىسىز. بىزدە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شۇ سۆز ياسىغۇچىلارغا مۇراجىئەت قىلمايمىز.؟ ئۈچىنچى، ئىلمىي بولۇشى كېرەك. مەن «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1997- يىلى 6 - ئاينىڭ 16- كۈندىكى سانىدىن

«تېلېۋىزورنىڭ يىراقتىن كونتروللىغۇچىسىنى قانداق ئاسراش كېرەك؟» دېگەن ماقالىنى كۆردۇم. روشەنكى بۇ يەردىكى «يىراقتىن كونتروللىغۇچ» 摇 控 器 نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، شۇنداقلا قويۇلغان ئىسمى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 3 - سانىدا ياسىنجان غوپۇرنىڭ «بىر نەچچە ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە 摇控器 نى ئۇيغۇرچىدا «تىزگىنەك» دەپ ئاتاش تەكلىپ قىلىنغان ماقالىسىنى كۆردۇم. 摇控器 ش ئۇ ئا ر ئاتكوم تەرىپىدىن 1997 - يىلى 8 - ئايدا «تىزگىنەك» دەپ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلدى. («شىنجاڭ گېزىتى» 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى 3 - بەتكە قاراڭ). ئالدىنقى ماقالىدە قويۇلغان «يىراقتىن كونتروللىغۇچ» دېگەن ئىسىم تەرجىمە ئىسىم بولۇپ بەك ئۇزۇن، كېلەڭسىز، بۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئەمدى 摇控器 نىڭ «تىزگىنەك» دەپ قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلىشىدە «يىراقتىن كونتروللىغۇچ»قا قارىغاندا بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بار. ئەمما «تىزگىن» دېگەن ئوبدان بىر ئىسىمغا يەنە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «ەك» ئارتۇق تېگىپ قويۇلغان. «تىزگىن» دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، تىزگىنلەيدىغان، باشقۇرىدىغان «قورال، سايمان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «ئاتنىڭ تىزگىنى»، «ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتماق» دېگەنگە ئوخشاش. شۇڭا «تىزگىنەك» دېمەي «تىزگىن» دېسەكمۇ 器 摇控 نىڭ مەنىسىنى شۇنداق ياخشى ئىپادىلىيەلەيدۇ. كېچىككەن بولساقمۇ مەن يەنىلا بۇنىڭدىن كېيىن 摇 控 器 نى «تىزگىن» دەپ بېكىتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

4. 生存: بۇ سۆز 能力, 权力 قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ 生存能力, 生存权力 دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرىنى ياسايدۇ. هالبۇكى بۇ سۆز بىرىكمىلىرى هازىر ئۇيغۇر تىلىغا «ياشاش هوقۇقى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش هوقۇقى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارى» دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە مۇنداق تەرجىمە قىلغاندا كونتېكىستىكى ئەسلى ئۇقۇم تولۇق ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. 生存权力 پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش شەرتى ئاستىدا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تۇرلۇك هوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشنى يەنى كىشىلىك هوقۇق ۋە مال - مۈلۈكنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. ئەمدى ئۇيغۇر تىلىدا يۇقىرىقى مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «تىرىكچىلىك قىلماق، جاهاندارچىلىق قىلماق» دېگەن سۆزلەر بار. مېنىڭچە ئۇيغۇر تىلىدىكى «تىرىكچىلىك قىلماق، جاهاندارچىلىق قىلماق» دېگەن سۆز دەل خەنزۇچىدىكى 生存 نىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»تە «تىرىكچىلىك» دېگەن سۆز 生计, 营生 دەپ، «تىرىكچىلىك قىلماق» بولسا 谋生 دەپ بېرىلگەن. گەرچە «تىرىكچىلىك قىلماق» نىڭ 生存 دېگەن مەنىسى بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بۇ هەرگىز ئۇنىڭ 生存 دېگەن مەنىسى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە سۆزلەرنىڭ لۇغەتتە ئىزاهلانماي قالغان نۇرغۇن مەنىلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن 生存 نى «تىرىكچىلىك قىلماق»، 生存权力 نى «تىرىكچىلىك قىلىش هوقۇقى» دەپ، 生存能力 نى «تىرىكچىلىك قىلىش ئىقتىدارى» دەپ ئېلىشنى تەكلىپ قىلىمەن. (08)

# كائىناتتىكى «تور»

0 198 ـ يىللىرى ئاسترونوملار يەر شارىغا نەچچە يۈز نۇر يىلى يىراقلىقتىكى كائىناتنى تەكشۈرۈش جەريانىدا كائىناتتىكى يېقىن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ھالىتى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىغان.

بىر ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇلار 20 ـ 30 مىليارد نۇر يىلى يىراقلىقتىكى ئالەم بوشلۇقىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ناھايىتى زور يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى بايقىغان. گەرچە بۇ گۇرۇپپا كىشلەرگە كائىناتتىكى بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈن كائىناتنىڭ قۇرۇلمىسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، كائىناتتىكى ئېپتىدائىي «پارچە بۆلەك» (يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى نۇر شەكىللىك قۇرۇلما) لارنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتىنىڭ بەزى نەزەرىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىلەر بېكىتكەن ۋاقىتتىن بالدۇر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە كائىناتتىكى ئوخشىمىغان رايونلاردا بىر ـ بىرىگە يىراق يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ تارقىلىش ھالىتىنى كۆزەتتى. كۆزىتىش نەتىجىسىدە، يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ھالىتى ئالدىنقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئالىملار مۇنداق قارىغان: «بۇ ئىككى قېتىملىق كائىناتنى تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس، لېكىن بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسى كىشلەرنى يەر شارىدىن يىراق يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىشى چوقۇم ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ خىل تور شەكلىدە قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كەلتۈردى.» بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يەنە شۇنداق دېيىلگەن: كۆزىتىلگەن 140 يۇلتۇزلار سىستېمىسى تەكشى تارقالغان بولماستىن 6 چوڭ سىستېمىغا يىغىلغان. بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئىچىدىكى بەزىلىرى كائىناتنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان چەتلىرىگە جايلاشقان. باشقا ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تېخىمۇ يىراقتىكى 18 يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى كۆزەتكەندىن كېيىن بايقىشىچە بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىمۇ تورسىمان شەكىلدە تارقالغانلىقى بايقالغان. بۇنىڭدىن كائىناتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ھازىرقى نوپۇزلۇق كائىنات نەزەرىيىسىدىن تېز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەڭ يېڭى بايقاشلار كائىناتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن بىز ئىلىم- پەن ساھەسىدە بىر قېتىملىق چوڭ تالاش ـ تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. (09)

(ئالىمجان ئابدۇكېرىم . ت)





## ئاتوم ئوغرىسى

مۇندىن خېلى يىللار ئىلگىرى، فرانسىيەدە زور مىقداردىكى ئۇران يوقاپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي فرانسىيە ئىراقتا ياساپ بەرگەن 2 ئاتوم يادرو رېئاكسىيە قازىنىمۇ سىرلىق ھالدا پارتلاپ كەتكەن. ئەمما، بۇ 2 ۋەقە دۇنيادىكى ھەرقايسى گېزىت- ژۇرناللاردا كۆپ خەۋەر قىلىنمىغان.

ئىسرائىلىيە 1956 - يىلىدىن باشلاپلا ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەلگەن. شۇ چاغدىكى ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى گۇليان تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر فرانسىيە بىلەن بىر مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلغان: فرانسىيە 1958- يىلى مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئاتوم يادرو رېئاكسىيە قازىنى ياسىۋېلىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان. ئەينى چاغدا بۇ مەخپىيەتلىكنى ئىسرائىلىيىدە پەقەت 7 ئادەملا بىلەتتى.

1967 - يىلى، ئىسرائىلىيە ئاتوم بومبىسى ياساشنى تەتقىق قىلغىنىغا 10 يىل بولغان يىلى «5 - ئىيۇن» ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئىسرائىلىيە ئالىملىرىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى مۇستەقىل ياساش پىلانى يوققا چىققان.

ئىسرائىلىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دائىيان قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئاتوم بومبىسى ياساشنى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇرانىنى ئوغرىلاپ بولسىمۇ تېپىشنى تەشەببۇس قىلغان. «موسات» (موسات - ئىسرائىلىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئاپپاراتى)نىڭ باشلىقى يامىت بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى زىممىسىگە ئالغان، شۇنداقلا 200 تونىنا ئۇران تېپىپ كېلىپ، 20 ئاتوم بومبىسى ياساشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەينى چاغدا بۇ ۋەزىپە ئەڭ مەخپىي ۋەزىپىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنى ئىجرا قىلىش پىلانى «قوغۇشۇن ھەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

«موسات»نىڭ ئادەملىرى، ناھايىتى تېزلا بېلگىيىنىڭ بىريۇسسېل شەھىرىدىكى «SGM» شىركىتىدە كونگودىن يۆتكەپ كېلىنگەن زور مىقداردىكى ئۇرانىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئۇرانىنىڭ ئانتۋېرپېن پورتىغا يېقىن بىر يېزىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئاۋۋال بىر سودا شېرىكى تېپىپ، ئاندىن بۇ ئۇرانىنى يوشۇرۇن

# كائىناتتىكى «تور»

**0** 198 - يىللىرى ئاسترونوملار يەر شارىغا نەچچە يۈز نۇر يىللىق يىراقلىقتىكى كائىناتنى تەكشۈرۈش جەريانىدا كائىناتتىكى يىقىن يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ھالىتى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىغان.

بىر ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇلار 20 - 30 مىليارد نۇر يىللىق يىراقلىقتىكى ئالەم بوشلۇقىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ناھايىتى زور يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى بايقىغان. گەرچە بۇ گۇرۇپپا كىشىلەرگە كائىناتتىكى بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى پۈتۈن كائىناتنىڭ قۇرۇلمىسىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، كائىناتتىكى ئىپتىدائىي «پارچە بۆلەك» (يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى نۇر شەكىللىك قۇرۇلما) لارنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتىنىڭ بەزى نەزەرىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بېكىتكەن ۋاقىتتىن بالدۇر ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەنە كائىناتتىكى ئوخشىمىغان رايونلاردا بىر - بىرىگە يىراق يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ تارقىلىش ھالىتىنى كۆزەتتى. كۆزىتىش نەتىجىسىدە، يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ھالىتى ئالدىنقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن ئوخشاش بولغان. ئالىملار مۇنداق قارىغان: «بۇ ئىككى قېتىملىق كائىناتنى تەكشۈرۈشنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس، لېكىن بۇ تەكشۈرۈش نەتىجىسى كىشىلەرنى يەر شارىدىن يىراق يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ تارقىلىشى چوقۇم ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ خىل تور شەكىلدە قۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ.» بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يەنە شۇنداق دېيىلگەن: كۆزىتىلگەن 140 يۇلتۇزلار سىستېمىسى تەكشى تارقالغان بولماستىن 6 چوڭ سىستېمىغا يىغىلغان. بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىسى ئىچىدىكى بەزىلىرى كائىناتنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان چەتلىرىگە جايلاشقان. باشقا ئاسترونومىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تېخىمۇ يىراقتىكى 18 يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى كۆزەتكەندىن كېيىن بايقىشىچە بۇ يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىمۇ تورسىمان شەكىلدە تارقالغانلىقى بايقالغان. بۇنىڭدىن كائىناتنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ھازىرقى نوپۇزلۇق كائىنات نەزەرىيىسىدىن تېز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەڭ يېڭى بايقاشلار كائىناتنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن بىز ئىلىم- پەن ساھەسىدە بىر قېتىملىق چوڭ تالاش - تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. (09)

(ئالىمجان ئابدۇكېرىم . ت)





## ئاتوم ئوغرىسى

مۇندىن خېلى يىللار ئىلگىرى، فرانسىيىدە زور مىقداردىكى ئۇران يوقاپ كەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي فرانسىيە ئىراقتا ياساپ بەرگەن 2 ئاتوم يادرو رېئاكسىيە قازىنىمۇ سىرلىق هالدا پارتلاپ كەتكەن. ئەمما، بۇ 2 ۋەقە دۇنيادىكى هەرقايسى گېزىت- ژۇرناللاردا كۆپ خەۋەر قىلىنمىغان.

ئىسرائىلىيە 1956 - يىلدىن باشلاپلا ئاتوم بومبىسى ياساش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەلگەن. شۇ چاغدىكى ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى گۇلىيان تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ ئاخىر فرانسىيە بىلەن بىر مەخپىي كېلىشىم هاسىل قىلغان: فرانسىيە 1958- يىلى مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، ئىسرائىلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئاتوم يادرو رېئاكسىيە قازىنى ياسىۋېلىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغان. ئەينى چاغدا بۇ مەخپىيەتلىكنى ئىسرائىلىيىدە پەقەت 7 ئادەملا بىلەتتى.

1967 - يىلى، ئىسرائىلىيە ئاتوم بومبىسى ياساشنى تەتقىق قىلغىنىغا 10 يىل بولغان يىلى «5 - ئىيۇن» ۋەقەسى يۈز بېرىپ ئىسرائىلىيە ئالىملىرىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى مۇستەقىل ياساش پىلانى يوققا چىققان.

ئىسرائىلىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دائان قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر ئاتوم بومبىسى ياساشنى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇراننى ئوغرىلاپ بولسىمۇ تېپىشنى تەشەببۇس قىلغان. «موسات» (موسات ـ ئىسرائىلىيىنىڭ جاسۇسلۇق ئاپپاراتى)نىڭ باشلىقى يامىت بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى زىممىسىگە ئالغان، شۇنداقلا 200 تونىنا ئۇران تېپىپ كېلىپ، 20 ئاتوم بومبىسى ياساشقا بەل باغلىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەينى چاغدا بۇ ۋەزىپە ئەڭ مەخپىي ۋەزىپىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنى ئىجرا قىلىش پىلانى «قوغۇشۇن هەرىكىتى» دەپ ئاتالغان.

«موسات»نىڭ ئادەملىرى، ناهايىتى تېزلا بېلگىيىنىڭ بىريۇسسېل شەهىرىدىكى «SGM» شىركىتىدە كونگودىن يۆتكەپ كېلىنگەن زور مىقداردىكى ئۇراننىڭ بارلىقىنى، بۇ ئۇراننىڭ ئانتۋېرپېن پورتىغا يېقىن بىر يېزىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئىگىلىگەن. ئۇلار ئاۋۋال بىر سودا شېرىكى تېپىپ، ئاندىن بۇ ئۇراننى يوشۇرۇن

سېتىۋېلىشنى قارار قىلغان.

ئەينى چاغدا تېل - ئاۋىۋ شەھىرىدىكى «تائار» سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى ساخاروف موساتنىڭ پولكوۋنىكى ئىدى. ساخاروف غەربىي گېرمانىيىلىك ئاغىنىسى شۇركىننىڭ ياردىمى بىلەن، 1968 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شۇركىن شىركىتىنىڭ نامىدا برىيۇسسېلدىكى «SGM» شىركىتىگە 200 توننا ئۇران زاكاز قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە ئىتالىيىنىڭ مىلان شەھىرىدىكى «سىگا» رەڭلىك ماتېرىياللار شىركىتىنى قولغا چۈشۈرگەن.

بۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ قەدىناس دوستى ئىدى. بۇ شىركەتنىڭ خوجايىنى شۇركىننىڭ ئالدىنئالا تۆلىگەن 40 مىڭ مارك پۇلىنى كۆرۈپ، بۇ سودىغا قىزىقىپ قالغان، ئەمدى موساتنىڭ ئادەملىرى باشقا بىر مۇناسىۋەتسىز دۆلەتنىڭ بايرىقى ئېسىلغان بىر پاراخوتقا ئېھتىياجلىق بولغان، ئۇلار ئۇراننى ئاۋۋال ئانتۋېرپېن شەھىرىدىن گېنويە شەھىرىگە توشۇپ، ئاندىن مىلانغا ئەكېلىۋالسا ئىشى ئوڭدىن كەلگەن بولاتتى.

ئەينى چاغدا لىۋىيىنىڭ «بىسكان» پاراخوت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ياتمو موساتنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ تۈركىيىلىك سىلسا دېگەن كىشىگە پاراخوت ئۇقۇشۇشنى تاپشۇرغان. سىلسا 1968 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11- كۈنى هامبۇرگتا بۇنداق ئۇغرىلىقچە يۈتكەپ - توشۇش ئىشىنى ئەسلا بىلمەيدىغان موئەللىرنى تاپقان. 9- ئاينىڭ 27 - كۈنى 1 مىليون 200 مىڭ مارك پۇلغا 1000 تونىلىق «شورتېغى» ناملىق بىر پاراخوتنى ئىجارىگە ئالغان. موئەللىر موساتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن 35 ياشلىق باروفنى پاراخوت باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شورتېغى» ناملىق پاراخوت سىناق تەرىقىسىدە نېئاپولغا بارغان. شۇنداق قىلىپ «قوغۇشۇن ھەرىكىتى» ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىرگەن.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شۇركىن بېلگىيىنىڭ ئانتۋېرپېن شەھىرىگە بېرىپ، 200 توننا ئۇراننى پاراخوتقا قاچىلاتقۇزغان (بۇ ئۇران 560 تۆمۈر تۇڭغا قاچىلىنىپ، تۇڭ سىرتىغا «قوغۇشۇن» دېگەن بەلگە چاپلانغان). 11- ئاينىڭ 24 - كۈنى بۇ پاراخوت قائىدە بويىچە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا كىرىپ، ھەمدە باتېار تاقىم ئارىلىدىن شەرقىي شىمال تەرەپكە ماڭسا بولاتتى، لېكىن ئۇدۇل شەرق تەرەپكە قاراپ ماڭغان. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېرىم كېچىدە، بۇ پاراخوت موساتنىڭ پىلانى بويىچە سىپرۇس ئەتراپىدىكى بىر دېڭىزغا كىرگەن. ئۇ شۇ جايدا توختاپ تۇرغان بىر ئىسرائىلىيە ماي پاراخوتىنى يانداپ توختىغان. 4 سائەتتىن كېيىن ئۇران ئىسرائىلىيىنىڭ ھېلىقى ماي پاراخوتىغا يۆتكىتىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇران ناھايىتى تېزلىكتە ئىسرائىلىيىنىڭ ئاتوم مەركىزى دىموراغا ئېلىپ بېرىلغان.



. 1969 - يىلى 12 - ئايدا ياۋروپا ئورتاق بازىرىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر يىغىنى چاقىرىلىپ بۇ ئىش مۇھاكىمە قىلىنغان، نەتىجىدە، بۇنى «ئۇران ئوغرىسى» ئىسرائىلىيە قىلغان، دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان.(07)

**(«دۇنيا كۈرگەزمىسى» ژۇرنىلىدىن پەرھات ياسىن . ت)**

**(تەكلىپلىك تەھرىر: ئەلى غوپۇر)**



## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى — ئۈمىدۋارلىق

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ سىرى — ئۈمىدۋارلىق. 100 ياشتىن يۇقىرى ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ 95% تىن كۆپرەكى ھەمىشە خۇشخۇي، كەڭ قورساق، روھلۇق يۈرۈيدىغان، يۇمۇرلۇق ھېسسىياتقا باي، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، چىقىشقاق، ئۈمىدۋار كىشىلەردۇر.

دېڭ شياۋپىڭ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئارقا-ئارقىدىن شەپقەتسىز زىيانكەشلىككە ۋە رەھىمسىز زەربىگە ئۇچرىغان ئىدى. لېكىن ئۇ يەنىلا پرولېتارىياتنىڭ كەڭ قورسىقىغا تەلپۈنۈپ، روھلۇق ۋە قايىنام تاشقىنلىق ھېسسىيات ئىچىدە باشتىن ئاخىر ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ياشىدى. ئۇ 90 ياشتىن ئاشقان چاغلاردىمۇ يەنىلا مېڭىسى سەگەك، قەدىمى پۇختا، مەزمۇت ئىدى. 1985- يىلى 5- ئايدا مەملىكىتىمىزگە زىيارەتكە كەلگەن فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ زۇڭلىسى كول دېڭ شياۋپىڭدىن: «قارىماققا سىز پەقەت ئۆزگەرمەيسىز، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشتىكى سىرىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغان. دېڭ شياۋپىڭ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن: «مەندە ھېچقانداق سىر يوق، مەن ئەزەلدىنلا ئۈمىدۋار» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېڭ شياۋپىڭ يەنە قىزىقارلىق قىلىپ: «مەن ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئېگىز بويلۇقلار بېشى بىلەن كۆتۈرۈۋالىدۇ» دېگەن. كۆپچىلىك قاتتىق كۈلۈشكەن.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈمىدۋار كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۈمىدۋارلىقى ئاجايىپ ئىجتىھات ۋە پىداكارلىق بىلەن قىلىنغان ئەمگەكتە.

مەشھۇر مۇزىكانت كاسار 95 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنىدە: «ئەمگەك مېنىڭ ھاياتلىقىم، ئەمگەك قىلماسلىق ئۆلۈمنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن. بەزىلەر: «سىز قېرىپ قالدىڭىز، ئەمدى خاتىرجەم ئارام ئالسىڭىز بولاتتى» دېگەندە، ئۇ: «مەن 15 يېشىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 80 يىل ئىچىدە ئىزچىل تۈردە ئۆز خىزمىتىمنى كۆڭۈللۈك ھالدا بېرىلىپ ئىشلىدىم. مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ئاستىدىكى تۇپچىلار (ئاككوردىيون ۋە پىئانىنوغا ئوخشاشلارنىڭ) ھەر كۈنلۈكى يېقىملىق مۇزىكا چىقىرىپ ئادەمنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ. مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە يېڭى مۇزىكا ئىجاد قىلىش تەلپىنى قويىمەن، يېقىملىق، نەپىس مۇزىكا ئاۋازىدىن ئادەم كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ»، دېگەن.

بىر ناردشاۋ 90 ياشقا كىرگەندە بەزىلەر

ئۇنىڭدىن: «تۇرمۇشىڭىزدا قېرىنىپ ماغدۇرىڭىزدىن كەتكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلالمايۋاتامسىز؟» دەپ سورىغاندا ئۇ كۆلۈمسىرەپ، مەسخىرە كۈلكىسىنى ياغدۇرۇپ تۇرۇپ: «دەل ئەكسىچە، مەن ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغان، ھەتتا سىلەر بىلەن بىر سىنىشىپ باققۇم بار. مەن گەرچە ياشىنىپ قالغان بولساممۇ، لېكىن قولۇمنىڭ كۈچىگە سىلەر ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيسىلەر» دېگەن. شۇ كۈنى كېچىسى مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن ئۇ ئادىتى بويىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ «90 ياشلىق ياش» دېگەن ماقالىسىنى يازغان. ئۇ ماقالىسىدە: «ماڭا ئوخشاش ياشانغان ئادەمدە يەنىلا ياشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كۆتۈرەڭگۈ روھ، ئىنتايىن قىزغىن، قايناق ھېسسىياتنىڭ بولۇشى ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. لېكىن مەن بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە ئالدىراش ئىشلەيمەن، پىكىر قىلىمەن ۋە ئەسەر يازىمەن، بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىمەن، ئۆلۈممۇ ماڭا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمايدۇ»، دەپ يازغان.

گالېلېي 73 ياشقا كىرگەندە ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ئۈمىدسىزلەنمىگەن. ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۈزلۈكسىز تەجرىبە ئىشلىگەن. ئۇ: «مەن يەنە كۆرەش قىلىمەن، چۈنكى ھاياتىم تېخى ئاخىرلاشمىدى»، دېگەن.

يۇقىرىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر قېرىغان چاغلىرىدىمۇ ئۈمىدۋار بولۇپ، خىزمەتكە، كەسپىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ھاياتقا دادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ھەرگىزمۇ قېرىلىققا باش ئەگمىگەن. ئۇلار كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەردۇر. (04)

(ئەلى ئالماس. ت) (تۇرسۇنمۇھەممەت لوسمان نونوس)

## «كىچىك ئەينەك كېسىلى»دىن ساقلىنىڭ

نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار ياسانغاندا قولىدىكى كىچىك ئەينەككە قارايدۇ، كىچىك ئەينەك بىلەن يۈزىگە بەك كۆپ قارىغاچقا، يۈزىدىكى كىچىك نۇقسانلارنىمۇ ئاسانلا بايقىۋالىدۇ. نەتىجىدە بارغانسېرى كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ ۋە كەمسىتىدۇ ھەمدە بارلىق ئامىللار بىلەن بۇ ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشنى ئويلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ غەمكىن بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ «كىچىك ئەينەك كېسىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ. يەنى رەسىم ياكى ئادەملەرگە يىراقتىن قارىغاندا ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنىدۇ، يىراق يېقىندىن قارىسا، ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەينەككە قاراشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. كىچىك ئەينەكنىڭ ھەجمى كىچىك بولۇپ، ئەينەككە قارىغاندا ئەينەك بىلەن يۈزنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن، ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن تەسۋىرمۇ چوڭايغان ھالەتتە بولغاچقا، ناھايىتى كىچىك نۇقسانلارمۇ تەبىئىي ھالدا چوڭ كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىك نۇقسانلار ئادەتتە ئاسان بايقالمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز.

«كىچىك ئەينەك كېسىلى»نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى كىچىك ئەينەك ئىشلەتمەسلىك، ئامال بار چوڭراق ئەينەك ئىشلىتىش كېرەك. ئەينەككە قارىغاندا يۈز قۇرۇلۇشى، بەش ئەزا، چاچ پاسونى، كىيىم - كېچەكنى بىرلەشتۈرۈپ كۆزىتىپ ياسانسا ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (04)

(تۇرسۇنگۈل. ت)

# ئەرلەر تېنىدىكى بەش ئاجىز نۇقتا

يۇرەك. كلىنىكىلىق ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىغا گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا داۋالىنىدىغان ئەرلەر ئاياللاردىن 10ـ7 ھەسسە يۇقىرىكەن. بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى ياغنى كۆپ ئىستېمال قىلىش، ھاراقنى كۆپ ئىچىش، تاماكىنى كۆپ چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىككەن. بۇنىڭدىن باشقا، خىزمەتتىكى جىددىيلىك، كەيپىياتتىكى پەرىشانلىق قاتارلىقلارمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرىكەن. شۇڭا، ئەرلەر يۈرەك كېسەللىكلىرىدىن ساقلىنىشتا ھاراق، تاماكىنى تاشلىغاندىن باشقا نورمال بەدەن ئېغىرلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ھەددىدىن زىيادە چارچاشتىن ساقلىنىشى، ھەر كۈنى مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشى، يېڭى كۆكتات ۋە مېۋە- چېۋىلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى لازىم.

**جىگەر.** مۇناسىۋەتلىك ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ئاستا خاراكتېرلىك جىگەر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلار ئىچىدە ئەرلەر ئاياللارنىڭ 4 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدىكەن. جىگەر ئاسراشتا ئالدى بىلەن يېمەكلىك تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ياغلىق يېمەكلىكلەر ۋە ئاسان ھەزىم بولمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېمەسلىك لازىم.

**ئاشقازان.** تېببىي تەتقىقاتلاردىن بايقىلىشىچە، ئەرلەردە ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىشى ئاياللارنىڭكىدىن 6.2 ھەسسە يۇقىرىدىكەن. ئاشقازان كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، خۇشال كەيپىياتنى ساقلىغاندىن سىرت، يېمەك-ئىچمەك قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش لازىم.

**ئۈچەي.** كلىنىكىلىق كۆزىتىشلەردىن قارىغاندا، ئۈچەي راكى ئەرلەردە ئاياللارنىڭكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك يۇقىرى ئىكەن. يەن تەتقىقاتلار ئارقىلىق شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، تەركىبىدە ۋىتامىن كەم بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە، ماي ۋە ئاقسىلنى زىيادە ئىستېمال قىلىش – ئۈچەي راكى پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېمەك - ئىچمەكتە ۋاقىت، نورمىنى بېكىتىش ھەمدە تەركىبىدە ۋىتامىن مول بولغان يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش لازىم.

**مەزى بېزى.** مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەرلەر 60 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن تەخمىنەن % 60 ى مەزى بېزى ياللۇغىغا گىرىپتار بولىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەرلىك گورمۇن تېپىدىكى ماي-ئالكوھول ئاجراتمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى سۈيدۈك يولى ئەتراپىدىكى بەزلەرنى چوڭايتىۋەتكەنلىكىدىن بولىدىكەن. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بىرىنچىدىن، مەزى بېزىنى ئۇزۇن مۇددەت بېسىپ ئولتۇرماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، شەھۋانىيلىققا بېرىلمەسلىك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاچچىق- چۈچۈك، غىدىقلىغۇچى يېمەكلىكلەرنى ئاز يەپ، مەزى بېزىنىڭ غىدىقلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت قان تولۇش ھالىتىدە تۇرۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. (07)

(ھەسەنجان يۈسۈپ. ت)



## ئەقىللىق پىللار

بىئولوگ سىند مورىس خانىم مۇنداق دەپ قارىغان: ئافرىقىنىڭ ياۋا پىللىرى ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئەتراپىنى كۆزىتىشكە ئىنتايىن ماھىر. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇھاپىزەت رايونىدا ياشاشنىڭ ئىنتايىن بىخەتەر ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنىڭ پىل چىشىنى ئېلىش مەقسىتىدە، پىللارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

بۇنداق ھادىسىلەرنى كۆپ قېتىم ئۇچراتقان بۇ ئايال مۇتەخەسسىس يەنە: «ئوۋ ئوۋلىغۇچىلار پىل چىشىنى پۈتۈن پېتى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، زەھەرلىك ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ھەم ئۇنى ئۆزلۈكىدىن سېسىشقا قويۇپ قويىدۇ. پىلنىڭ ھەمراھلىرى ئۆلگەن پىلنى تاپقاندىن كېيىن، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ چىشىنى ئاجرىتىۋېتىپ خىلۋەت بىر جايغا يوشۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن. (07)

(رىزۋانئاي. ت)

## ماشىنا يىلان ...

بەزى غەرب ئەللىرىدە ئاپتوموبىل ئوغرىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئورۇندۇق ئۈستىگە يىلان قويۇپ قويىلىدىكەن. ئۈنچە-مەرۋايىت دۇكانلىرىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ كۆرگەزمە كۆزنىكىدىكى ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى يىلان ئارقىلىق قوغدايدىكەن. يىلانغا بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئاشقانلىقتىن ئامېرىكىلىق سېتقان دېگەن كىشى مۇھاپىزەت ئىشلىرى ئۈچۈن يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان بىر خىل ماشىنا يىلاننى لايىھىلەپ چىققانىكەن. بۇ خىل يىلاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر بولۇپ، ئېنىك تالاسىدىن ئىشلەنگەن، كۆزى ئەتراپىغا ھەر خىل رەڭ بېرەلىگەنىكەن. باشقۇرۇش تاختىسىدىكى كۇنۇپكىنى باسقاندا، بۇ يىلان سۇ ئىچىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت يۆلىنىشى ۋە سۈرئىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن. (07)

(رىزۋانگۈل ت.)

## شاڭخەيدە شەخسلەر ...

شاڭخەي ئۆي-يەر-مۈلۈك سودا مەركىزى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شاڭخەي شەھىرىدە ھەر بىر كۈندە 100 يۈرۈش ئۆي سېتىلغان.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شاڭخەيدە يېرىم يىلدا 1 مىليون 900 مىڭ كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي سېتىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ سېتىۋالغىنى 1 مىليون 500 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىكەن. ھەر بىر يۈرۈش ئۆينى 80 كۋادرات مېتىردىن ھېسابلىغاندا، سېتىلغان ئۆي 18 مىڭ 700 يۈرۈش بولىدىكەن.

كىرىمنىڭ كۆپىيىشى ۋە تۇرالغۇ ئۆيلەر تاۋارلىشىش دەرىجىسىنىڭ تېزلىشىشى بىلەن شاڭخەي شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش تونۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئۆزلۈكسىز ئۆسكەن.

شاڭخەيدە شەخسلەرنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشى تېز سۈرئەتتە ئاشقان. (07)

(رىزۋانگۈل. ت)

## يورۇقلۇقنىڭ رولى...

تېبابەت ئىلمى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، كالتسىي كەم بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، ياشانغانلارنىڭ ئۇستىخان ئاغرىش ۋە بوۋاقلاردىكى راخت كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى تەبىئىي نۇر بىلەن كەمدىن - كەم ئۇچرىشىپ، ئېلېكتىر چىرىغىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەتكەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنكەن.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆي ئىچىدە سۈنئىي يورۇقلۇق بىلەن ئۇچراشقاندا ئادەم بەدىنىدىكى «بىئولوگىيىلىك ۋاقىت» قالايمىقانلىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك رىتىمى بۇزۇلىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى كۈندۈزى تەبىئىي يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىشى زۆرۈركەن. پۈتۈن كۈن ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلار سىرتتا كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشى، «زامانىۋى يورۇقلۇق كېسىلى»دىن ساقلىنىشى لازىمكەن. (07)

(لەلى. ت)

# مېھنەت ۋە مۇھەببەت

★ ئابدۇرۇسۇل سەمەت ★

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىي ئاھ مۇھەببەت دەپ ئارمان بىلەن كەتكەن. لىرىك شائىر نۆبىتىمۇ ئاھ مۇھەببەت دەپ بىر ئۆمۈر بۇلبۇل كەبى خەندان ئۇرغان. ھەتتا «مۇھەببەت» دېگەن مۇقەددەس سۆز ئۇچۇن «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «رابىئە - سەئىدىن» دەك پاك ۋىجدان ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلىشقان. ئۇلار ئۇچۇن مۇھەببەت دۇنيادىكى ئەڭ پاك، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىدى. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ پاك ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ ئەۋلادى بولمىش بىزلەرگە كەلگەندە مۇھەببەت سۆزى قۇلاققا سۇيۇقلۇق، شاللاقلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىغان سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئاددىيسى بىزنى ئالىي مەكتەپكە ئۇزاتقان ئاتا - ئانىمىزنىڭمۇ ئەنسىرەيدىغىنى مۇھەببەت سۆزى بولۇپ قالدى. ئۇلار بىزنى مۇھەببەت ئاتلىق شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىسكەن دەپ ئويلايدۇ. ئەجەبا، تالاي - تالاي كېچىلەرنى «غېرىب - سەنەم»، «لەيلى- مەجنۇن»، «پەرھات - شىرىن»، «تاھىر - زۆھرە» لەرنىڭ مۇھەببەت قىسسىلىرىنى سۆزلەش بىلەن تىڭ ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزغان، ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببەت يولىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئاغزى تالماي مەدھىيىلىگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلىرىمىز ئەمدى قوپۇپ بۇ مۇقەددەس سۆزدىن نېمىشقا قورقىدۇ؟ بىر قىسىم نادانلارنىڭ نەزەرىدە مىڭ يىللار مابەينىدە شەكىللەنگەن، نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتۈپ تاۋلانغان شەرمى - ھايا سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان مۇھەببەت ئەخلاقىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئېغىزىمىزدىن چىقىرىشقا ئەيمىنىپ كەلگەن بۇ مۇقەددەس سۆز بىر قىسىملارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن مۇھەببەت كوچىسىدا يورغىلاۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىساق ئۇلار بىر تەخسە لەغمەننى بىرگە يېيىش، كەچ سائەت 10- 11 لەرگىچە چۆرگىلەپ قىزنى ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇشنىڭ ئۆزىنى مۇھەببەت دەپ قارايدىغاندەك قىلىدۇ. ساپ مۇھەببەت كۆڭۈلنى ئازادە، خۇشال قىلاتتى، ئۈمىد بەخش ئېتەتتى، ئەمما بىزنىڭ بۇ مۇھەببەت مەستانىلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار قاچانلا قارىسىڭىز قاقشاپ، بىر- بىرىدىن باتناپ، ماي تارتىشىپ



يۇرگەن. چۈشكۈنلىشىپ دۇنيادىن بىزار بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەجەبا بىز مۇشۇنى مۇھەببەت دېسەك - ھە؟

مۇنداق مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بىزدە مۇھەببەت ھەققىدىكى تونۇش ناھايىتى يۈزە، ئاددىي بولۇپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىن بۇرۇن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىق ھەققىدە يۈزەكى ساۋاتنىڭ بولماسلىقى مۇھىم سەۋەب بولسا كېرەك. شۇڭا ئىشنى باشلاپلا بىرەر توسالغۇغا يولۇققاق قۇيرۇقىمىزنى خادا قىلىمىز. مۇھەببەت سۆزى بىلەن مېھنەت سۆزىنىڭ بىر قاراشتا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، مېھنەتتىن مۇھەببەت پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيمىز. تىكەننىڭ تەمىنى تېتىمايلا گۈلنى ئۈزۈشكە ئالدىرايمىز. تىكىنى يوق گۈلنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قاترايمىز. گۈلنى بىر ئالاللاپ ئۈزىمىز - يۇ، پۇراپ بولۇپ تاشلايمىز. ئاقىۋەتتە شاللاق ئاتىلىمىز. بار كەلگۈلۈك «مۇھەببەت» دېگەن بۇ مۇقەددەس ئۇقۇمغا كېلىدۇ.

تارىخ شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى بىزدە مېھنەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پاك مۇھەببەت ئەخلاقى بولۇشى كېرەك.

بۇرادەر، قولاق سال، ۋۇجۇدىمىزدا ئاجايىپ كەڭ بىر بوشلۇق سوزۇلۇپ ياتىدۇ، بۇ بوشلۇقتا مۇكەممەل خاسلىقتا ئىگە بولغان بىر نەرسە يوشۇرۇنغان. بۇ نەرسە دەل بىزنىڭ روھىمىزدۇر. قاچانكى بۇنداق روھ مېھنەتنى يان تاياق قىلىپ بىر - بىرىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى، بىر- بىرى بىلەن كېلىشەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، بۇنداق مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولۇپ، تەن باقى دۇنياغا كەتسىمۇ ئۆلمەيدىغان بىر خىل پاك ھەم ئالىيجاناب روھ سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىنسانلار بىلەن بىرگە ياشايدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتتۇر، ھەقىقىي چىن مۇھەببەتتۇر. (09)

## ئۈزۈك ۋە سۆيگۈ

ئېرىم سوۋغات قىلغان تويلۇق ئۈزۈك ئالاھىدىرەك بولۇپ، چوڭ - كىچىك بىر جۈپ يۈرەك گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. توي كۈنى ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئۇ قولۇمنى ئاستا كۆتۈرۈپ بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان ئۈزۈكنى سىپايىلىك بىلەن بارمىقىمغا سېلىپ قويدى. ئۈزۈك بارماقلىرىم ئارىسىدا پارقىراپ تۇراتتى.

كۈنلەر ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە. كىشىنى مەست قىلىدىغان ئىككى كىشىلىك دۇنيا بارا - بارا ئۆزىنىڭ ئېتىبارىنى يوقاتماقتا. ئۈزۈكمۇ ھەر كۈندىكى چاپلاشقان ماي داغلىرى بىلەن رەڭگىدىن كەتمەكتە.

رەڭسىز ئۈزۈكنى تاقىۋالدىم، كۈنلەر مەنىسىز ئۆتمەكتە. سۆيگۈ كۈندىن - كۈنگە سۇسلاشماقتا.

بىر كۈنى چىش چوتكىلاۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن چىش پاستىسى ئۈزۈككە تېمىپ كەتتى. ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۈزۈكنى سۈرتۈۋېدىم، توساتتىن «جۈپ يۈرەكلەر» ئالتۇن رەڭدە پارقىراپ كۆرۈندى. يەنە ئازراق چىش پاستىسى تېمىتىپ سۈرتۈۋېدىم داغلار تازىلىنىپ چىقىپ كەتتى - دە، «جۈپ يۈرەك» قايتىدىن يالتىراشقا باشلىدى. قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن ئۈزۈككە قاراپ، كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىۋاتقان سۆيگۈنى ئويلىدىم. كىشىلەر دائىم ئۈزۈك - سۆيگۈنىڭ سىمۋولى دەيدۇ. ناۋادا ئۈزۈك ماي داغلىرى بىلەن پارقىراقلىقىنى يوقاتسا، ئۇنداقتا ئەرزىمەس سۈركىلىشلەر بىلەن سۆيگۈمۇ تۈگەيدۇ. چىش پاستىسى ئۈزۈكنى ئالتۇن رەڭگە كەلتۈرەلەيدىكەنۇ، سۆيگۈنى نېمە بىلەن نەۋباھار پەسلىگە قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ؟ يۈرەكلەردىكى سۆيگۈ چاڭلىرىنى سۈرتۈپ، جۈپ يۈرەكلەرنى قايتىدىن جىپسىلاشتۇرىدىغان سۆيگۈ چوتكىسى لازىممۇ - يوق؟ (09)

(تۇرسۇنجان ئۆمەر . ت)

# ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاماكا چېكىشنى قانداق چەكلەيدۇ

**ئا**مېرىكىدا تاماكا تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ باشلانغىنىغا 40 يىلدىن ئاشتى. ئامېرىكا پۇقرالىرى تاماكىنىڭ زىيىنىنى بىلگەچكە، ئاممىۋى سورۇنلاردا تاماكا چېكىش تولىمۇ ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدىكەن. بىر قىسىم ياشلار تاماكا چېكىشنى «مودا، قۇرامىغا يەتكەنلىكنىڭ بەلگىسى» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ھازىر تاماكا چەككۈچىلەر ئازىيىۋېتىپتۇ. باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكىدىكى تاماكا چەكلەش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى خېلى زور بولسىمۇ، لېكىن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە پۇقرالار ئۇنىڭغا ئانچە رازى ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇلار ھازىر قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مالىيە كۈچى زور تاماكا شىركەتلىرى بىلەن دەۋالىشىپ ئۇلارغا تۆلەم تۆلىتىپ تاماكا ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى چەكلەيدىكەن ۋە تاماكا چەكلەش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ تاماكىنى چەكلەيدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىكەن.

**زور تۆلەمگە بەرداشلىق بېرىش.** 1991 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكىدىكى بىر قانچە چوڭ تاماكا شىركىتى فلورىدا شتاتىغا 11 مىليارد 300 مىليون دوللار تۆلەم تۆلەپ تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىدىكى زىياننى تۆلىگەنىكەن. بۇ شىركەت يەنە مەكتەپلەرگە 1000 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان دائىرىدىكى تاماكا ئېلانلىرىنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاماكا چېكىشنى چەكلەش ئېلان تاختىلىرىنى ئورنىتىپ بېرىشتىن باشقا، تەنتەربىيە مەيدانى ۋە ئاممىۋى قاتناش بېكەتلىرىدىكى تاماكا ئېلانلىرىنىمۇ ئېلىۋېتىشكە ياردەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالغانىكەن.

1996 ـ يىلى تاماكا چېكىشنى چەكلەش ئۇيۇشمىلىرى ۋە پۇقرالار تاماكا شىركەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. ئەمما تاماكا شىركەتلىرى «تاماكا چەككۈچىلەر تاماكىنىڭ زىيىنىنى بىلىدۇ، زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ دەۋادا ئۇتۇپ چىققان. ئەمما بۇ قېتىم 3 ـ تەرەپ سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن فلورىدا شتاتى تاماكا چەككۈچىلەرگە ۋاكالىتەن شىكايەت قىلغان، مەركىزىي شتات مەسئۇللىرى مۇنداق دېگەن: «ھۆكۈمەت زور مىقداردىكى داۋالاش خىراجىتىنى ئاجرىتىپ تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا سەرپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاماكا شىركەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردۇر. چىقىمنى ئەلۋەتتە شىركەتلەر ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك». بۇ خىل قاراش تاماكا شىركەتلىرىگە ئىنتايىن پايدىسىز بولغان.

تاماكا شىركىتى بىلەن فلورىدا شتاتىنىڭ تۈزگەن كېلىشىمدە «ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان بارلىق تاماكا ئېلانلىرىنى توختى



تىش، تېلېۋىزىيىدە، كىنو ۋە خەلقئارا كومپيۇتېر ئالاقە توردا تاماكا ئېلان تەشۋىقاتىنى قىلماسلىق، شەخسلەرنىڭ ۋە كارتون فىلىم ئارقىلىق تاماكا ئېلان چىقىرىشنى چەكلەش، تاماكا شىركەتلىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ۋە دالا مۇزىكا يىغىنلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرمەسلىك؛ تاماكىنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن تاۋارلارنى ساتماسلىق؛ تاماكا سودىگەرلىرى تاماكا قاپلىرىغا ‹تاماكا ئادەمنى خۇمار قىلىدۇ›، ‹تاماكا راك كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ›، ‹تاماكا هاياتىڭىزنى نابۇت قىلىدۇ› دېگەندەك خەتلەرنى يېزىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن.

تاماكا شىركەتلىرى يەنە تاماكا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەھەتتىكى كونترول قىلىشنى قوبۇل قىلىشتىن سىرت، بۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىلدا 368 مىليارد 500 مىليون دوللار ئاجرىتىپ ھەرقايسى شتاتتىكى تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىش، ئامېرىكا بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان تاماكا چەكلەش پائالىيەتلىرىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان. ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى تاماكا چېكىشنى ئازايتىش ئۈچۈن كېلىشىمدە يەنە تاماكا سودىگەرلىرىنىڭ ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ 500 مىليون دوللار ئاجرىتىپ، تاماكا چېكىشكە قارشى تۇرۇش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش ھەم ياشلار - ئۆسمۈرلەردىكى تاماكا چېكىش نىسبىتىنى يىلمۇ يىل ئازايتىپ 5 يىلدا % 30، 7يىلدا % 50، 10 يىلدا % 60 ئازايتىشقا كاپالەتلىك قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

**چەت ئەلدىن زور پايدا ئېلىش.** ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، تاماكا شىركەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئەمەلىيەتتە چەكلىك بولىدىكەن. ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ 3 تاماكا شىركىتى ئامېرىكا بازىرىنىڭ % 90ىنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلار مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن يىلىغا سەرپ قىلىدىغان ئېلان چىقىرىش ھەققى ئۈچۈن 5 مىليارد 500 مىليون دوللار چىقىم قىلىدىكەن. لېكىن تاماكا سودىگەرلىرى تاماكىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق پايدىنى كۆپەيتىدىكەن. ھازىر ئامېرىكىنىڭ تاماكا بازىرى بارغانچە تارىيىۋېتىپتۇ. تاماكا سودىگەرلىرى شىركەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ۋە تەرەققىيات نىشانىنى چەت ئەلدىكى بازارلارغا، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يۆتكەۋەتمەكتە (يۈزلەندۈرۈۋېتىپتۇ). چۈنكى، بۇ دۆلەتلەردىكى ئاھالىلەردە تاماكىنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەسكەن. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، «نيۇ - يورك ۋاقىت» گېزىتىنىڭ يېقىندا ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم چوڭ تاماكا سودىگەرلىرى ئاستىرتتىن چەت ئەلدىكى تاماكا ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنى قوللىغان. ئۆتكەن 10 يىل جەريانىدا دۇنيادىكى تاماكا ئەتكەسچىلىك مىقدارى 2 ھەسسە ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ تاماكىلىرى زور سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. تەتقىقاتچىلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: چەت ئەلدە سېتىلىۋاتقان ئامېرىكا تاماكىلىرىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قارا گۇرۇھلار قانۇنسىز چېگرىدىن ئەپچىققان. ئامېرىكىدىكى بىر قانچە چوڭ تاماكا شىركىتى نەچچە مىليارد دوللار قىممىتىدىكى تاماكىنى تاماكا سودىگەرلىرىگە سېتىپ بەرگەن. بۇ سودىگەرلەر تاماكىنى ئەتكەسچى گۇرۇھتىكىلەرگە ساتقان. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا تاماكىلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قاراڭغۇ بازارلىرىدا ئەرزان باھادا سېتىلىشقا باشلىغان. «نيۇ - يورك ۋاقىت» گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جۇڭگو ھازىر تاماكا ئىستېمالىدىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت. دۆلەت ھالقىپ تاماكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن شىركەتلەر جۇڭگونىڭ تاماكا بازىرىغا كۆز تىكمەكتە». (07)

(ئىمام. ت)

## قىزىلئۆڭگەچ راكىنى مەخسۇس داۋالايدىغان داڭلىق دوختۇر، شىپالىق دورا

**شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى**

شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسىنىڭ ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىكى ياڭ مۇدىر نەچچە 10 يىل كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى «ئۆسمىنى يوقىتىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش تابلېتكىسى» 1 ـ 2 - نومۇرلۇق ساپ جۇڭيى دورىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. نۇرغۇن بىمارلارنى سىناق قىلىش ئارقىلىق بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. هازىر مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ خىل دورىنى ئىشلىتىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەرنىڭ سانى 1000غا يېتىدۇ.

«ئۆسمىنى يوقىتىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش تابلېتكىسى» بىر يۈرۈش دورىسى قىزىلئۆڭگەچ راكى، بۇرۇن - يۇتقۇنچاق راكى، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى راكى، ئاشقازان راكى، ئۈچەي راكى، كىنكىرتەك راكى قاتارلىق هەزىم قىلىش يوللىرىدىكى ئۆسمىنى داۋالاشتا ئېغىزدا ئېرىتىشتىن ئىبارەت ئالاهىدە داۋالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. جىگەر راكى، ئۆپكە راكى، لىمفا راكى، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى، مېڭە راكى، دوۋساق راكى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلار 2 - نومۇرلۇق دورىنى ئىچىپ بەرسە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدىغان، رادىئوئاكتىپ نۇر بىلەن داۋالاش، خىمىيۋى داۋالاش ئېلىپ بارغان هەمدە داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن كېسىلى قايتىدىن قوزغالغان بىمارلارمۇ بۇ خىل داۋالاشنى قوبۇل قىلسا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى هەر كۈنى مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى بىمارلارنىڭ مەسلىھەت سورىشىنى قوبۇل قىلىشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. باشقا ئۆلكىلەردىكى بىمارلارمۇ تېلېفوندا ئالدىن مەسلىھەت سوراپ دورا سېتىۋېلىپ داۋالانسا بولىدۇ.

ئادرېس: شىئەن شەهىرى دۇڭمىنۋەي خۇجۇ يولى 7 - نومۇر، شەنشى جۇڭگوچە ۋە غەربىچىنى بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى.

پويىز ئىستانسىسىدىن قوش قەۋەتلىك 602 - يولغا ياكى 28 - يولغا ئولتۇرۇپ شىڭچىڭ يولىدا چۈشۈپ شەرققە قاراپ 100 مېتىر ماڭسىڭىز يولنىڭ جەنۇبىدا.

地址: 西安市东门外互助路7号陕西中西医结合医院肿瘤科 火车站乘602双层, 28路兴庆路下车向东100米路南

邮编: 710048

电话: (029) 3282196. 9036432

联系人: 李思军

# رېستوراندا

## (ھېكايە)

★ ئالتۇنگۈل رەجەپ ★

ئەنۇەر ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كەلدى-دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي، خېلىلمۇ سەن؟ مەن ئەنۇەر، نېمىش قىلىۋاتىسەن، ئاداش؟

— تاماق يەي دەپ تۇراتتىم، — قارشى تەرەپتىن خېلىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قورسىقىڭ ئاچمىدى؟ ئەمسە ئازراق ئېستەرلىۋالغىن، قارا، ئاداش، خوتۇن يەڭگەڭنىڭ، كېسەلخانىدىن ئۇدۇل ئانىسىنىڭ ئۆيىگىلا يۆتكۈەتتىم. شۇتاپتا زېرىكىپ ئۆلەيلا دېدىم. خېلىل، خالىيراق رېستوراندىن مەخسۇس ئۆي زاكاز قىلىپ راسا پەيز قىلساق قانداق؟ خاتىرجەم بول، مەن مېھمان قىلىمەن، لېكىن بىر گەپ مېھماننى سەن تاپىسەن.

— مېھماننى؟ يەنە كىملەرنى مېھمان قىلماقچى سەن؟

— تولا خۇپسەنلىك قىلمىغىنا ئادىشىم، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ پارقىرىشىپ ئولتۇرۇپلا ئىچسەك نېمە مەززىسى دەيسەن؟ يۇرگەن قىزنىڭ، ئىسمى نېمىتتى؟ ھە - توغرا، ئادىلەغۇ، ئۇنىڭغا دە ئاداش، ماڭا چىرايلىق قىزدىن بىرنى بىرگە ئېلىپ كەلسۇن، تۆتىمىزلا ئولتۇرۇپ ئىچىمىز، ئاندىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگىلا قايتىپ كېلىپ ... قانداق، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى ئەنۇەر تۇرۇپكىنى بويىندا قىسىپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ ئەمسە، سائەت قانچىگىچە، ئورنى قايسى رېستوراندا؟

— سائەت 8 گە، ئورنى «ئاققۇ كۆلى» رېستوراندا بولسۇن. يەنە بىر گەپ، سەن بۇرۇنىراق بېرىپ ھە- پە دەۋەت، ھېسابىنى مەن قىلىمەن.

— چاتاق يوق.

ئەنۇەر تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىكى ئىككى تال سىزىقچە نەگىدۇر غايىب بولدى، بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇق چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، چوڭ، قارا كۆزلىرىدە شادىيانە بىر تەبەسسۇم چاقناپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن باش - كۆزىنى يۇيدى، قارا قامدەك چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ چىرايلىق ياسىدى، كۆڭلەك، شىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشكاپنىڭ چوڭ ئەينىكى ئالدىغا كەلدى ...

كوچا چىراغلىرى يورىتىپ تۇرغان ئازادە ئاسفالت يوللارنىڭ بويىدىكى بوككىدە كۆكلەپ تۇرغان قارىغاي كۆچەتلىرى، گۈللەر مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى ... كېچە قانداق گۈزەل. ھايات قانداق جۇشقۇن! ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ زىننەت چىراغلىرى ئۆچۈپ ياناتتى. ماگىزىن، رېستورانلاردىن جۇشقۇن مۇزىكا سادالىرى ياڭراپ ئويغاق كېچە قوينىغا ھاياتىي كۈچ بېرەتتى ...

ئەنۇەر رەڭلىك چىراغلىرى مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش ئۆچۈپ - يېنىپ تۇرغان «ئاققۇ كۆلى» رېستورانى ئالدىدا «ياۋا بۆرە»نى ۋاشىشىدە تورمۇزلاپ يەرگە چۈشتى - دە، ئىشىكتىكى چىرايلىق قىزلارغا يېنىك باش لىڭشىتىپ قويغاچ زالغا كىرىپ كەتتى ...

ئادىلە باشلاپ كەلگەن قارا كۆزلۈك، قىرقىم چاچلىق قىز ئەينەك شىرەدىكى ئاپئاق سالفېتكىدىن گۈل ياساپ ئولتۇراتتى. ئادىلە بولسا خېلىل بىلەن بېشىنى يېقىن قىلىپ

كۆسۈلدىشۋاتاتتى.

كىچىككىنە خاس ئۆينىڭ تورۇسلىرىدىكى نىئون چىراغلار يارقىن مۇزىكىنىڭ رىتىمى بىلەن ئۆچۈپ- يېنىپ، ئەينەك شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تۈرلۈك قورۇملارغا رەڭ بېرىپ ئىشتىھانى قوزغايتتى.

خېلىل سائىتىگە قاراپ قويۇپ تاماكا چەكتى- دە، ئىغىزىدىكى لىققىدە تۈتۈننى ئادىلەنىڭ يۈزىگە پۈۋلىدى.

ـ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، ئادىلە. كۆزۈم تەگمىسۇن، ئىسرىقلاپ قوياي.

ـ ئەسكىلىكىنى! ـ ئادىلە خۇما كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تاتلىققىنە كۈلۈمسىرىگەندە، قورۇنۇپراق ئولتۇرغان قارا كۆز قىز كۆزلىرىنى ئۇلاردىن قاچۇرۇپ، دەررۇ يەرگە قارىۋالدى.

ـ ئېچىلىپراق ئولتۇرساڭچۇ سەنەۋەر، ـ ئادىلە قارا كۆز دوستىنىڭ ئاق سۈزۈك قوللىرىنى تۇتتى.

ـ تونۇشلاردىن بىرەرسى كۆرۈپ قالسا ...

ـ ئوھۇش، قويغىنا بۇنداق گېپىڭنى، چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتكە چۈشلۈق گەپ قىلە، ئىدىيەڭ قاچانغىچە ئازاد بولمايدۇ سېنىڭ. بىلەمسەن، خېلىل مېنىڭ يۇرگۇنۇم، سىلەر تونۇشۇپ قالدىڭلار، ئۇ ئەمدى سېنىڭمۇ دوستۇڭ. خېلىلدىن ئاڭلىسام كېلىدىغان ئۇ بالا بەك بايمىش، ئۆزىمۇ قالتىس پەيزى، توققۇزى تەلمىش، پۇرسەت دېگەن مۇشۇ ئاداش، كەلتۈرۈۋېلىشقا تىرىش ...

قىزلار بىر - بىرىنى بېقىندىشىپ كۈلۈشتى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇلار ئولتۇرغان ئۆينىڭ قوڭغۇرىقى سىگنال بەردى.

خېلىل ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

سىرتقا چىققاندا ئەنۋەرنى كۆرگەن خېلىل دوستىنىڭ مۇرىسىگە بىرنىشاپىلاقلىۋەتتى.

ـ 10 مىنۇت كېچىكتىڭغۇ ئادەمنى ساقلىتىپ، قورۇملارمۇ تەييارلىنىپ بولدى.

ـ يارايسەن ئاداش، ـ ئەنۋەر ئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، ـ پەستىكى زالدا تونۇشلار ئۇچراپ قېلىپ شۇ، بولدىلا ... قىزلار كەلدىمۇ؟ مېنىڭكى پەيزىمكەن؟

ـ ئەنۋەرنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى ئاچايىپ نۇرلىنىپ كەتتى.

ـ قالتىس دېگىنە، كارامەت! خېلىل تىلىنى چىقىرىپ شوخلۇق قىلدى. ئۇلار پىخىلداپ كۈلۈشتى. ئىشىك ئېچىلدى، ئالدى بىلەن خېلىل، ئاندىن پوزۇر ياسانغان ئەنۋەر ئۆيگە كىردى. ئادىلە بىلەن سەنەۋەر ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ـ بىز كۈتكەن مېھمان ئاخىرى كەلدى. ئىسمى ئەنۋەر ـ خېلىل دوستىنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويدى.

ـ ياخشىمۇ سىلەر قىزلار؟ ئادىلە، ياخشىمۇ سىز؟ سىز... بۇ ... بۇ سەن؟!

... ـ ئەنۋەرنىڭ سەل ئالدىغا سوزۇلغان بويۇنلىرى ئىختىيارسىز قىيسىيىپ كەتتى. چاناقلىرى قورقۇنچلۇق كېرىلىپ قېتىپ قالغان قارىچۇقلىرى چەكچىيىپ كەتتى. سەنەۋەر تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى - يۇ، ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

ـ بۇ ... سىز؟! ـ سەنەۋەر يۈزىنى تۇتۇپ ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ قالغان ئادىلە سەنەۋەرنىڭ يولىنى توسۇپ، قوللىرىنى تۇتۇۋالدى.

ـ بۇنداق قىلما سەنەۋەر، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ مېنىڭ يۈزۈمنى قىل، كەتمە!

ـ قويىۋەت مېنى! ... ئىست! سېنى - زە ... ئۇ ... مېنىڭ ... ئاكام! ـ سەنەۋەر بوغۇلۇپ ۋارقىرىۋەتتى. (08)

## پارچىلار

**مۇھەممەتئىمىن توختى (گىيالى)**

(1)
ياشلىقىڭ بۇ سېنىڭ، ئۆمرۈڭگە سۇلتان،
قۇدرىتىڭ تاغلارنى ئېلىسۇن تالقان.
ئىجادىڭ گۈللىسۇن ئۆرلە، زېمىر قوچ،
ئىلھامغا ھەمنەپەس كۆكتىكى چولپان.

(2)
كىم ئەگەر شاد بولسا غەمدىن شۇ ئازاد،
قەلبىگە ئۈمىد يار، مەنزىلى ئاۋات.
خالمۇرات، ئادىللار بۇنىڭغا مىسال،
ئىزدىنىش، تىرىشىش ــ مەنىلىك ھايات.

(3)
يوپۇرماق سارغايدى يەرگە تۆكۈلدى،
دەل ـ دەرەخ مۇڭلاندى، قەدرى ئۆتۈلدى.
ئىنساننىڭ خىسلىتى گۈزەللىك ئىزدەش،
كىم گۈزەل ئارمانسىز قەددى پۈكۈلدى.

(4)
دىيانەت ئىنساپنى سۆزلەيمىز دائىم،
قايىلدۇر بۇ سۆزگە پۇقرا ۋە ئاۋام.
ۋە لېكىن گۆش يەيدۇ مۇشۇك ئوغرىلاپ،
دېمەيدۇ گۆش كىمنىڭ؟ ھالالمۇ ـ ھارام؟

(5)
مەي ئىچىش گۇناھدۇر، مەي دېگەن ھارام،
ئەستە تۇت ئىچمىگىن، بولمىغىن قارام.
جەننەتنى كۆزلىسەڭ ھالال قىلىپ ئىچ،
ھارامدۇر مەسلىكىڭ، پەسلىكىڭ، بالام،

## سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭمۇ بەختىم

**مۇھەممەد تۇرسۇن يۈسۈپ (نىھال)**

كۆلكىلەرنىڭ ۋەزلى بەك ئۇلۇغ،
شۇنداق كۈلگەن قېنى ئۇ، ئاھ! كىم؟
مەن بەختىڭگە تىكلەي مۇنار، تۇغ،
سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭمۇ بەختىم.

رىيازەتلەر چەكسەڭ ئەگەردە،
بىرگە بولماق مېنىڭ شەرتىم.
ئارمانلارغا يەتسەڭ ئەگەردە،
سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭمۇ بەختىم.

ئەل بەختىچۈن جان پىدا قىلساڭ،
باشقا ئېلىپ كۆتۈرەر خەلقىم.
ماختاشلارغا سەن نائىل بولساڭ،
سېنىڭ بەختىڭ ــ مېنىڭمۇ بەختىم...

## باھار لىرىكىسى

**ئوسمانجان مۇھەممەت**

سۆكۈت بىلەن خوشلاشماقتا قىش.
سۆكۈت بىلەن كەلمەكتە باھار.
سۆكۈت بىلەن باشلانماقتا ئىش،
سۆكۈت بىلەن ئېرىمەكتە قار.

سۆكۈت بىلەن يوقالدى مۇدھىش.
سۆكۈت بىلەن ئاقماقتا سۇلار.

سۆكۈت بىلەن يېقىنلاپ تۆۋش،
سۆكۈت بىلەن بېزەلدى يوللار.
سۆكۈت بىلەن دېدىم باھارغا ــ
«سۆكۈت بىلەن كەلگىنە ئەركىم!

سۆكۈت بىلەن تەلپۈندۈم ساڭا!
سۆكۈت بىلەن پارلىغىن ئەتىم.

سۆكۈت بىلەن كەلگىن يېشىللىق!»
سۆكۈت بىلەن تۈنىمەكتە غەم.
سۆكۈت بىلەن ياساندى دۇنيا،
سۆكۈت بىلەن ۋىلىقلار ئالەم.



## ئۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

**كېرىمجان سۇلايمان**

ئۇخلاپ قالغان چۈچەكچى موماي،
چۈشىدىكى شۇ مەختۇمسۇلا.
زۇلمەت كېچە باغرىنى يىرىپ،
ئۆيدىن قېچىپ چىقتى بىر بالا...

چىنتۆمۈرگە قالدى ئايلىنىپ،
خىيالىدا مىنىپ ئاق بوز ئات.
ئۇۋغا سەزگۈر كاپ ـ كاپ كۈچۈكى،
ئەنسىز قاۋاپ قويىدۇ پات ـ پات.

قولىدىكى مىسران قىلىچى،
قىلغان ئۇنى شۇنچە باھادىر.
يالماۋۇزنىڭ بوسۇغىسىدا
ئۇچراپ قالدى ئىنىسى سادىر...



## بۇ يەردە رېئاللىق كۆكلەيدۇ قايتا

**ئالىمجان قاسىم**

تاماقسىز قېلىشتا بولمىغىنىدەك،
چىقمەن ھەر كۈنى مۇنبەر ئالدىغا.
مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر يېقىن ۋە سىرداش،
شۇ قەدەر قەدىردان كىتاب، بور، دوسكا.

تىكلەر روھىمغا قىرىق بىر جۈپ كۆز،
سۇ سىز يەر يامغۇرغا بولغانىدەك تەشنا.
ئوغۇزنىڭ سۈتىدەك ھالال بىر بۇرچ،
بۇ يەردە ئۇنى ـ تىنىسىز قىلىنار ئادا.

كىچىكلا بىر دۇنيا بولسىمۇ سىنىپ،
بۇ يەردە رېئاللىق كۆكلەيدۇ قايتا.
شۇ قەدەر سۆيۈملۈك قىرىق بەش مىنۇت،
قىرىقبىر پەرىشتە ـ قىرىق بىر بالا...



**تەھرىرى: 09**
**(ئابدۇكېرىم ئابدۇمەجىت)**

## جاھان ۋە ئادەم

مامۇت زايىت

جاھان ئادەمنى دانا، مۆھتەرەم قىلدى،
ئاڭا نېمەت بېرىپ، لۇتفى كەرەم قىلدى.
قىلىپ كەڭ يەتتە ئىقلىم مۈلكىگە ھاكىم،
ئۇنىڭ ئىلكىگە زەر - بايلىقنى جەم قىلدى.
بىرىنى ئەيلىسە جەڭگاھتا غالىب مەرد،
بىرىنى خوشناۋا ساھىپقەلەم قىلدى.
ئېنىپ قۇدرەتتە ئەرنى شىر يۈرەك، قاۋۇل،
چىرايدا قىزنى پەرى - ھۆر سەنەم قىلدى.
بىرى يۇرت بەختىنى كۆزلەپ جاپا چەكسە،
بىرى تاج - تەختىنى دەپ ئەلگە ئەلەم قىلدى.
بىرى يەتكۈزسە خەلققە پايدا - نەپ، شۆھرەت،
بىرى ئالداش، تۇزاق قۇرماققا پەم قىلدى.
بىرى غۇربەتتە ئاھ ئۇرسا، بولۇپ سەرسان،
بىرى پۇلنى ئېنىپ كۆز - كۆز، ھەشەم قىلدى.
تالايلار بولدى چولپان كەشپ ئىجادىدا،
ئانا، ئەل ئەجرىگە جاننى تۆلەم قىلدى.
بىراۋلار ئۆتتى غەپلەت ھەم نادانلىقتا،
گۆھەردەك ئۆمۈرنى ئىشرەتكە يەم قىلدى.
خىتاب قىل ئەمدى مامۇت، بىخۇد ئىنسانغا،
ئىزا، غەپلەت ئۇنىڭ بەختىنى كەم قىلدى...



## چاچما ئۈنچىلەر

ئەركىن داۋۇت

گۈل قېتىدىن
قىزىرىسەن قىزارغاندىمۇ،
سۇبھىدىكى،
گۈلگۈن شەپەقتەك.
باقىنىمدا
تەلمۈرۈپ ھەردەم،
قۇياش سۆيگەن
ئوماق چېھرىڭگە.
قىزىرىسەن،
قىزىرىشلىرىڭ
قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ گويا.
قىزىلگۈلدىن
سورىسام دېدى:
قىزنىڭ كۆڭلى بار ئىكەن ساڭا.
يۈرىكىمنى
ئوينىتتى،
ۋاي - ۋۇي،
گۈل قېتىدىن چىققان بۇ سادا.



## ئۇيقۇچان ياشقا

ئابلىمىت سەمەت

كۆزۈڭنى ئاچقىن،
ئەمەس بۇ كېچە.
ئەتراپقا باققىن،
يورىغان شۇنچە.

بېشىڭنى كۆتۈر،
قەددىڭنى رۇسلا.
قۇياش نۇرىنى
قولۇڭدا توسما.

ئەتىگەن ئاناڭ
قويدى ئويغىتىپ.
بولدى ئۇكاڭمۇ
مەكتەپكە كېتىپ.

لېكىن سەن يەنە
ياتىسەن قوپماي،
سەھەردە ئىشنىڭ
بېشىنى تۇتماي.

ئەمەس سەن ساقسىز
ياكى ھېرىققان.
قوپقىلى قويماس
سېنى شۇ يوتقان.

ئۇيقۇڭ توگىسە،
خىيال سۈرىسەن.
خىيالغا ئۇلاپ
چۈشمۇ كۆرىسەن.

شېرىن چۈش، خىيال
كۈلدۈرەر سېنى.
ئويغانساڭ بىر ئوت
كۆيدۈرەر سېنى.

ئارمان ئوتىدا
ياشلىنار كۆزۈڭ.
ئارزۇيۇڭ كۆكتە،
يوتقاندا ئۆزۈڭ.

ئۆزۈڭگە قارا،
ئەمەس سەن بالا.
بىراق بىلىڭ بوش،
ئىشلىرىڭ چالا.

ھاياتقا ئۇنداق
باقما ئەركىلەپ.
تەقدىرىڭ دائىم
تۇرماس پەپىلەپ.

يۆلىنىۋەرمە
ئاتا - ئاناڭغا.
ئويلىغىن: نېچۈن
كەلدىڭ جاھانغا؟

ئالتۇندەك چېغىڭ
بىكار ئۆتەمدۇ؟
ياتساڭ چۈشكىچە،
ئىشىڭ پۈتەمدۇ؟!

تۇرۇپ كەت ئەمدى،
بولماي ھاماقەت.
ئەجىردىن كېلەر
ھەقىقىي راھەت.

بىلسەڭ، ئۆمۈرنىڭ
سەھىرى ياشلىق.
بىر كۈننىڭ ئىشى
تاڭغا قاراشلىق.



كىچىك رەسسامنىڭ كەچۈرمىشلىرى (دانىيە: پىدىستۇروف)



# شۆمىننىڭ مەنزىرە
# سۆرەتلىرىدىن تاللانما











گۈزەل سەنئەت تەھرىرى:
ئىسمائىل ئىبراھىم

گۈزەل تاغلار ۋە باغلار




پوچتا نومۇرى: 830002

باھاسى: 2.35 يۈەن

خەلقئارا نومۇرى: ISSN 1002-9109

دۆلەتلىك نومۇرى: CN65-1029/C


**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق. يېڭى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3 - قەۋىتىدە

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر: 2818446

ئۇيغۇر بۆلۈمى (1) 2817081

ئۇيغۇر بۆلۈمى (2) 2825064

رەسساملار بۆلۈمى: 2816109

خەنزۇ بۆلۈمى: 2817079

مەمۇرىي بۆلۈم: 2818445

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئاپتورلىرىمىزنى كونۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورۇ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق كومىتېتلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.